

# مەرىپەت


4
2020

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2020 - يىل 4 - سان، ئومۇمىي - 33 -سان




## غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك باسقۇچلىرى

- ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئوقۇش مۇكاپاتى
- دەۋا پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ
- دەۋا يولىدا ئىشەنچنىڭ ئەھمىيىتى
- ۋاقىت ئۆمۈر دېمەكتۇر

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە. . .

ژۇرنىلىرىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز مۆھتەرەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ–قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۈۋتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

100
دوللار

ئالدىنقى ساندا ئاپتورىمىز فاتىمە
بۇغرا مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى

مۇبارەك بولسۇن!

# مۇندەرىجە


❋ يەھۇدىيلارنىڭ تۈزكورلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى سەرگەردان ھاياتى................مۇھەممەد يۇسۇپ 5

❋ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك باسقۇچلىرى (1) ................. ...............................ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 8

❋ شۈكۈر قىلىشنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەھمىيىتى ............. ..............................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 20

❋ ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئوقۇش مۇكاپاتى.................. ..............................ھەبىبۇللا مەتقۇربان 28

❋ دەۋا پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ.....تاھىرجان ئابباس 42

❋ دەۋا يولىدا ئىشەنچنىڭ ئەھمىيىتى.... د. مەجدى ھىلالىي ................ ئابدۇلئەھەد ئۈجات ئۆزلەشتۈرگەن 48

❋ ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۆلىمالارغا قانداق ھۆرمەت قىلاتتى ................. مۇھەممەتئىمىن بېشارەت 59

❋ ۋاقىت ئۆمۈر دېمەكتۇر...........مۇھەممەد يۇسۇپ 64

❋ باغداتتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى —— ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرى ..................ئابدۇللا روزىمۇھەممەت 71

❋ ئۆملاقمان... (شېئىر) ....تۇردىمۇھەممەت ئابدۇللا 81

❋ ئىشق چۆلى .(غەزەللەر)...ئالىمجان مەتقاسىم ناقىس 83



المعرفة

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي
پەسىللىك ژۇرنال

2020

4-سان (ئومۇمىي33-سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۈجات
ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ياسىن ئابدۇلھېكىم
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)



مۇشتەرىي بولۇڭ
ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
www.meripetjournal@gmail.com
www.merifet.net

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ 6 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن ھەر سان ژۇرنالنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى چىقىرىشقا ۋە بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كۆچەپ كەلدۇق.

خۇددى بىز تۇنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

بۇ يىل يەنى 2020 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۆلىمالار ژۇرنىلى» نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال خاراكتېر جەھەتتىن پۈتۈنلەي دىنىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز «مەرىپەت ژۇرنىلى»نى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىۋېرسال بىر نەشر ئەپكارى قىلىپ، يېڭىچە تۈس ۋە قىياپەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

ئېچىۋېتىش دېگىنىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نىشان ۋە پىرىنسىپلىرىدىن چەتنەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ خىللىشىش، ھەر خىل ژانىرلارغا ئىستون ئاجرىتىش، ئەدەبىي، بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلارغا سەھنە ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەر قاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا...

قېنى قېرىنداشلىرىم، ئانا تىلىمىزغا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىن تەپچىگەن ئانا تىل مۇھەببىتى ژۇرنىلىمىز قۇرلىرىدا ئەكس ئەتسۇن، ئەسەرلىرىڭىزدە دولقۇنلىغان گۈزەل سەنئەتلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھارغىن روھىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەشنا قەلبىگە ئابىھايات بولسۇن...

ھۆرمەت بىلەن:

—— «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



# يەھۇدىيلارنىڭ تۇزكورلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى سەرسان-سەرگەردان ھاياتى

مۇھەممەد يۈسۈپ

﴿وَإِذْ قُلْتُمْ يَا مُوسَى لَنْ نَصْبِرَ عَلَى طَعَامٍ وَاحِدٍ فَادْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنْبِتُ الْأَرْضُ مِنْ بَقْلِهَا وَقِثَّائِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ الَّذِي هُوَ أَدْنَى بِالَّذِي هُوَ خَيْرٌ اهْبِطُوا مِصْرًا فَإِنَّ لَكُمْ مَا سَأَلْتُمْ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ الذِّلَّةُ وَالْمَسْكَنَةُ وَبَاءُوا بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا يَكْفُرُونَ بِآيَاتِ اللَّهِ وَيَقْتُلُونَ النَّبِيِّينَ بِغَيْرِ الْحَقِّ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَالَّذِينَ هَادُوا وَالنَّصَارَى وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (شۇنچە ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلىنىپ تۇرۇپ): «ئى مۇسا! بىز بىر خىللا يېمەكلىك بىلەن ھەرگىز تۇرالمايمىز، سەن بىز ئۈچۈن رەببىڭگە دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېگەن ئىدىڭلار، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشمەكچىمۇسىلەر؟ (ئۇنداقتا) سىلەر شەھەرگە كىرىڭلار، تىلىگىنىڭلار (شۇ يەردە) بار» دېدى. ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ يەنە ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى.»

«شەكسىزكى، مۇئمىنلەرگە، يەھۇدىيلار، خرىستىيانلار ۋە سابىئىيلەر[1] ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.»

تەپسىرى:

[1] سابىئىيلەر-پەرىشتىلەر بىلەن يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ يەھۇدىيلارنىڭ تۇزكورلۇقىنى بايان قىلغان يەنە بىر قىسسە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئاسىيلىقى ۋە سالغان جاپالىرىنى بايان قىلغان. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تۇزكورلۇق ۋە ئاسىيلىق ئادىتى بويىچە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۆزلىرىگە سۇسىز قاقاس چۆلدە يامغۇر ياغدۇرۇپ ۋە ئاسماندىن ھەرخىل نازۇ-نېمەتلەرنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈم ھالاكىتىدىنساقلاپ قالغانلىقى قاتارلىق چوڭ ئىنئاملىرىغا قانائەت قىلمىغان ھالدا، ئاللاھ تائالانىڭ «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىماڭلار»[1] دېگەن ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن ئېسىل رىزىقلىرىغا شۈكۈر قىلماستىن، باشقىسىنى تەلەپ قىلدۇ، ناشۈكۈرلۈك قىلدۇ، ئاچكۆزلۈك قىلدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزلىرى جاپالىق ئىشلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولىدىغان بىر شەھەرگە ھەيدىلىدۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار مۇساپىرچىلىق، سەرسانلىق، ۋەتەنسىزلىك قاتارلىق خار-زەبۇنلۇقلارغا دۇچار بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەۋەتكەن گۇناھسىز، پاك پەيغەمبەرلەردىن زەكەرىييا، يەھيا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىنىڭ جازاسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىق ۋە پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولۇش ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش توغرىسىدا تەسەللى بېرىش بىلەن بىرگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلارنى ئەجدادلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن خارلىق، سەرسانلىق ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلىنىشتىن ئىبارەت ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئەسلىتىپ ئاگاھلاندۇرغان. لېكىن قەلبلىرى تاشتەك بولۇپ كەتكەن بۇ گۇناھكار يەھۇدىيلار بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىبرەت ئالمىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرگەن. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ خۇددى ئەجدادلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش خارلىق ۋە سەرسانلىق بىلەن نەتىجىلەنگەن.

ئەسىرلەردىن بېرى سەرسانلىقتا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە دۆلەت قۇرغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بىز دىنىمىزنىڭ ئەسلىگە قايتىپ، بۇ دىنني پۈتۈن ھايات ساھەلىرىمىزدە خۇددى ئەسىرى سائادەتتىكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى) مۇسۇلمانلاردەك تەتبىقلاپ ياشىمىغۇچە بىزگە نىجاتلىق يوقتۇر. «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[2] دېگەن ئايەت بىزنى ئاگاھلاندۇرماقتا.

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى

[1] بەقەرە سۈرىسى: 60 ـ ئايەت.
[2] رەئد سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.

ۋە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاماندىشلىرى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولغان ئومۇمىي قانۇننى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەيلى قايسى بىر مىللەتتىن بولسۇن، بۇرۇن قانداقلا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقان ۋە شۇ ئىمانىنى ئىپادىلىگەن ھالدا دىنىدا بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب ۋە باشقا ئەمەللەرنى ئادا قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ، بەلكى بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا، جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. «(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كاپىرلىقتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»[1] بۇ ئايەت ئىسلام دىنىدىكى باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ ئېسىل مىسالىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر، نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر.

2. ھەقىقىي شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، مەنئى قىلغانلىرىدىن يېنىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3. ئەخلاقنىڭ ناچارلىقى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئەخلاقنىڭ ئېسىللىكى ئىماننىڭ كامىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنەك چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسى دوزاختۇر.

5. بىراۋنىڭ ئاغزاكى ئىمان ئېيتىپ قويۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ساناپ يۈرۈشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ئىمان چىن يۈرەكتىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. شۇڭا مۇناپىقلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارچە مۇئامىلىگە ئېرىشكەن بىلەن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدۇر.

6. چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئەمەللىرىنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قورقۇنچتىن ۋە غەم ـ قايغۇدىن يۈتۈنلەي يىراق بولغان بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

[1] ئەنفال سۈرىسى، 38 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك باسقۇچلىرى (1)



ئۆزلەشتۈرگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك باسقۇچلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش غايە ـ نىشانغا تېز يېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخىنى، ئاللاھنىڭ كائىنات، خەلق ۋە جەمئىيەتلەردىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش دەۋەت يولىنىڭ ھەقىقىتىنى، بۇ يولدىكى توسالغۇلارنى ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆلىمالار قۇرئان كەرىم ۋە تارىخ دەرسلىرىدىن غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ بىر قانچە باسقۇچلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، مۇھىملىرىنى دەۋەت قىلىش باسقۇچى، سەپداش تاللاش باسقۇچى، كۈرەش قىلىش باسقۇچى، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش باسقۇچى قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئاللاھ خالىسا، بۇ ماقالىدە، دەۋەت قىلىش باسقۇچىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈشكە، ئاللاھدىلىكلىرىنى بىكىتىشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە كېيىنكى باسقۇچلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك يۆتكىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

دەۋەت قىلىش باسقۇچى

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى خەلققە ئىسلامنى تونۇتۇش ۋە دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەرلەر پۇل ـ مالنى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت، دەۋەت، پىرىنسىپ، قىممەتقاراش، ئەخلاق، توغرا ئەقىدە، ساغلام تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى مىراس قالدۇرغان بولۇپ، دەۋەتچىلەر ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِّنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُم مَّا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾. «(سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى

كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى پاك قىلىدىغان، سىلەرگە قۇرئاننى ۋە توغرا سۈننەتنى ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[1].

بۇ ئايەتكە كۆرە، دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى خەلققە ئىسلامنى يەتكۈزۈش، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى كىرلاردىن پاكلاش، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىش، بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دەۋەتچىلەر خەلققە ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى شېرىكتىن تەۋھىدكە، رىيادىن ئىخلاسقا، يالغانچىلىقتىن راستچىلىققا، خىيانەتتىن ئامانەتكە، كىبىردىن كەمتەرلىككە، يامان ئەخلاقتىن گۈزەل ئەخلاققا چىقىرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەپسلىرىنى پاكلايدۇ، روھ، ئەقىل ۋە بەدەنلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى رەببى ھۆرمەتلىگەن ۋە نۇرغۇن مەخلۇقاتلىرىدىن ئۈستۈن قىلغان مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنى ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىش ۋە بىلمىگەن نەرسىلىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى ۋە نادانلىق قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان ۋە ئىرپان نۇرىغا چىقىرىدۇ.

دەۋەتچىلەر مەزكۇر ۋەزىپىلىرىنى لايىقىدا ئادا قىلىشى ئۈچۈن، ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇش؛ ئىلىم زاپىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇش؛ زېھنى ئۆتكۈر ۋە دەلىل ـ پاكىتى كۈچلۈك بولۇش؛ كۆكسى ـ قارنى كەڭ ۋە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىقلارغا مۇھتاج بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە پەيغەمبەر ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ ئىخچام شەكىلدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالاَتِ اللهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلاَ يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلاَّ اللهَ وَكَفَى بِاللهِ حَسِيبًا﴾ «(پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر»[2].

بۇ ۋەزىپىلەرنى يوشۇرغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ ۋە لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلعَنُهُمُ اللهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللاَّعِنُونَ﴾ «بۇ كىتابتا كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، لەنەت قىلغۇچىلار (پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر)مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ»[3].

دېمەك، ھەقنى تونۇغان كىشىگە ئۇنى بايان قىلىش پەرز بولىدۇ. ئۇنى يوشۇرسا ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذَ اللهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلاَ تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَاءَ ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلاً فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى ئاللاھنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 151 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھزاب 39 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە 159 ـ ئايەت.

ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىقىقا ئەھدە ئالدى، لېكىن (بۇ ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!»[1].

قۇرئان كەرىم دەۋەتچىلەرگە خەلققە ئىسلامنى يەتكۈزۈشنى پەرز قىلغاندەك، ھەدىس شەرىپلەرمۇ ئۇنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {احفظوه وأخبروه من وراءكم} «(ئاڭلىغانلىرىڭلارنى) يادلىۋېلىپ، (بۇ يەرگە) كېلەلمىگەنلەرگە يەتكۈزۈڭلار»[2]. {بلغوا عني ولو آية، ومن كذب علّي متعمدا، فليتبوأ مقعده من النار} «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار، كىمكى قەستەن ماڭا يالغاننى توقۇيدىكەن، دوزاقتىن ئورنىنى تەييارلاپ قويسۇن»[3].

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن شەرتلەرنى ھازىرلىغانلارنىڭ دەۋەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىشىنىڭ پەرز ئەين ئىكەنلىكى خۇلاسىلىنىدۇ.

ئىسلامنى تونۇتۇش دېگەن ئىسلامنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرىنى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىنى، نىزام ـ پرىنسىپلىرىنى خەلققە ئوچۇق شەرھىلەپ بېرىش بىلەن بولىدۇ.

دەۋەتچىلەر بۇ خىزمەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُوا عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾. «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار»[4].

بۇ باسقۇچتا دەۋەتچىلەرنىڭ قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرى:

ئاللاھ تائالا دەۋەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾. «رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، (مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن»[5].

بۇ ئايەتكە كۆرە، دەۋەتنىڭ ئومۇمىي ئۇسۇلى ھېكمەت، ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت، چىرايلىق مۇنازىرىلىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دەۋەتچىلەر بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق خەلققە ئۈلگە بولۇشى لازىم. چۈنكى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولۇش، پىكرىنىڭ جانلىق ئوبرازى، دەۋەتنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشىدۇر. ئۈلگە بولۇش كۆڭۈللەرنى ئۇتۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. كۆپىنچە خەلق سۆزدىن بەكراق كۆز ئالدىدىكى ئۈلگىلىك شەخسنىڭ

[1] ئال ئىمران 187 ـ ئايەت.
[2] البخاري، كتاب الإيمان، باب: أداء الخمس (23/1) رقم 53.
[3] البخاري، كتاب أحاديث الأنبياء، باب ما ذكر من بني إسرائيل (175/4) رقم 4361.

[4] سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نەھل 125 ـ ئايەت.

ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىدىن تەسىرلىنىدۇ.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سەلەف سالىھلارنىڭ نەزىرىدە، ھېكمەت دېگەن دىننى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتۇر»[1].

ئەمەلسىز ئىلىم قىيامەت كۈنى ئىنساننىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىمىز دېيىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لاَ تَفْعَلُونَ. كَبُرَ مَقْتًا عِندَ اللهِ أَن تَقُولُوا مَا لاَ تَفْعَلُونَ﴾. «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)»[2].

## بۇ باسقۇچتا دەۋەتچىلەرنىڭ تەييارلىقلىرى:

### بىرىنچى: ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇش

دەۋەتچىلەرنىڭ ئاللاھتىن قورقىدىغان بولۇشى، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشتا راستچىل بولۇشى، تىلى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ئەقلى ئاللاھنىڭ كائىناتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشى، قەلبى ئاللاھقا ئۆچرىشىشقا ھازىر بولۇشى، تائەت ـ ئىبادەتلەردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان بولۇشى، كۈندۈزى روزا تۇتىدىغان، كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان بولۇشى قاتارلىقلاردا ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇش مۇھىم ئامىل ۋە ئالدىنقى تەلەپتۇر. ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچىدۇر. ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولغان دەۋەتچىلەر ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشىغا ئېرىشكۈچىلەر بولۇپ، ئىش قىلسا ياخشى قىلىدىغان، ھۆكۈم قىلسا توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان، سۆزلىسە پايدىلىق سۆزلەيدىغان بولىدۇ[3].

ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇشتىن نېسىۋىسى بولمىغان دەۋەتچىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. «چۈنكى جەمئىيەت ئالاقىسى ئاجىز، تونۇشى يېتەرسىز بىرى خەلقنى قانداق دەۋەت قىلالىسۇن؟!»[4].

### ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى:

1. ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا قۇللۇق قىلىشتىن ئازات بولۇش. ئىمان كۈچى ئەڭ چوڭ كۈچ بولۇپ، مۇئمىن بۇ كۈچ بىلەن زېمىننىڭ بارلىق كۈچلىرىنى يېڭەلەيدۇ، دۇنيانىڭ بارلىق كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلىرىدىن ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ. نەتىجىدە، پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا قۇللۇق قىلىدىغان، ئاللاھ تائالادىنلا

[1] درء تعارض العقل والنقل (22/9، 23).
[2] سۈرە سەف 2 ـ 3 ئايەتلەر.
[3] انظر: مقومات الداعية الناجح، ص34.
[4] مع الله، الشيخ محمد الغزالي، ص188.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياردەم تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان بولۇش. بۇ، ئىماننىڭ ئەڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُم بِالْغَيْبِ وَهُم مِّنَ السَّاعَةِ مُشْفِقُونَ﴾. «تەقۋادارلار رەببىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ھەمدە ئۇلار قىيامەتنىڭ (دەھشىتىدىن) تىترىگۈچىلەردۇر»[1].

دەۋەتچىلەر ئاللاھ تائالادىن قورقۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشى لازىم. ئۇ زاتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: {إني لأخشاكم لله وأتقاكم له}. «ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ تائالادىن سىلەردىن بەكراق قورقىمەن ۋە سىلەردىن بەكراق تەقۋالىق قىلىمەن»[2].

دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبىگە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ھەقىقىي ئورۇنلاشقاندا، ئۇلار غاپىللاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرىدۇ. ئىبراھىم ئىبنى سۇفيان رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قەلبلەرگە ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ھەقىقىي ئورۇنلاشقاندا، قەلبلەردىن شەھۋەتلەرنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە دۇنيا ھەۋىسىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ»[3].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىم زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىدىن قورقىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىم پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ»[4]. مانا بۇ قورقۇش مۆئمىننى داۋاملىق تائەت-ئىبادەتكە ئۈندەپ تۇرىدۇ. «بەندە ئۆزىنىڭ دىنىغا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشنىڭ ئوخشىشى بىلەن ياردەم تىلەپ باقمىدى»[5]. دېمەك، ئاللاھ تائالادىن قورقۇش مۆئمىننى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېھسان دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ[6].

3. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچلۈك بولۇش. بۇنىڭدىن پەرز ئىبادەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئادا قىلىش، نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش، زىكىر-تەسبىھلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرۇش، قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇش قاتارلىق تائەت-ئىبادەتلەرگە داۋام قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى تائەت-ئىبادەتلەر مۆئمىنلەرنى كۈچلەندۈرىدىغان ياخشى ئوزۇقتۇر. مەسىلەن: ناماز مۆئمىنلەر بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بولۇپ، ئۇلار نامازنى قانچە مۇكەممەل ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

[1] سۈرە ئەنبىيا 49-ئايەت.
[2] البخاري، كتاب النكاح، (الفتح 104/9).
[3] تهذيب مدارج السالكين، ص270.
[4] نزهة الفضلاء، (661/2).
[5] نزهة الفضلاء، (513/1).
[6] انظر: مقومات الداعية الناجح، ص39.

سەئد ئىبنى مۇسەييب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىرىق يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى قولدىن بەرمىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ[1]. پالەچ بولۇپ قالغانلىقتىن نامازغا سۆرۈلگەن ھالدا ئېلىپ كېلىنگەن رەبىئ ئىبنى خەيسەمدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقى سورالغاندا، ئۇ: مەن نامازغا كېلىڭلار دېگەن نىدانى ئاڭلايمەن ئەمەسمۇ؟! نامازغا ئۆملىگەن ھالدا بولسىمۇ، كېلىشكە قادىر بولالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار، بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلالمىغان ئادەم قانداق دەۋەتچى بولالىسۇن. سىلەر سەئد ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەتتەنۇخىي رەھمەھۇللاھنىڭ بىر قېتىم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش قولدىن كېتىپ قالغاندا يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولساڭلار نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن، دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ[2].

زىكىر ـ تەسبىھلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش مەرتىۋىسى كاتتا، ھەربىر مۆئمىندىن ھەر ۋاقىت تەلەپ قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَاالَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا. وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَأَصِيلًا﴾. «ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار»[3]. ﴿وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾. «مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا رەببىڭگە تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتقىن»[4]. ﴿الَّذِينَ يَذْكُرُونَ اللهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَى جُنُوبِهِمْ﴾. «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ»[5].

زىكىر ـ تەسبىھلەر بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار جەننەت باغچىلىرىدا سەيلە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلغانلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ، پەرىشتىلەرنىڭ مەدھىيلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ[6].

ئىستىغفار ئەڭ چوڭ زىكىر ـ تەسبىھ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە يەتمىش قېتىم ئىستىغفار ئېيتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ[7]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىستىغفارنى لازىم تۇتقان كىشىگە ئاللاھ تارلىقلاردىن چىقىش، غەم ـ ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇش يولى بېرىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[8]. دەۋەتچىلەرنىڭ قەلبلىرى داۋاملىق تىرىك تۇرۇشى ئۈچۈن، زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرۇشى، گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى ئۆچۈرۈلۈشى ئۈچۈن، ئىستىغفار ئېيتىپ تۇرۇشى زۆرۈر.

[1] نزهة الفضلاء (370/1).
[2] تهذيب مدارج السالكين، ص463.
[3] سۈرە ئەھزاب 41 ـ، 42 ـ ئايەتلەر.
[4] سۈرە تاھا 130 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئال ئىمران 191 ـ ئايەت.
[6] مقومات الداعية الناجح، ص41، 42.
[7] البخاري، كتاب الدعوات، باب استغفار النبي (178/2) رقم 1518 .
[8] أبو داود، كتاب الصلاة، باب: الاستغفار (178/2) رقم 1518.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش زىكىر ـ تەسبىھلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكىدۇر. قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرۇشنىڭ دەۋەت خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدا چوڭ تەسىرى بار. قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ئوقۇش ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ.

دېمەك، ئىمانى كۈچلۈك ۋە روھى پاك بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىندۇر. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تىلىنىڭ پاساھەتلىك بولۇشى، دەلىل ـ ئىسپاتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ياردەمچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى بىلەن بولىدۇ. «دەۋەتچىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇسى ئەڭ چوڭقۇر، ئاللاھ تائالا بىلەن باغلىنىشى ئەڭ مۇستەھكەم، ئاللاھ تائالا بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئەڭ كۆپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەرۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ۋە چۈشەنچىسى ئەڭ روشەن بولۇشى لازىم»[1].

بەزى دەۋەتچىلەر پىكرىي، سىياسىي ۋە باشقا تەرەپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى چوقايتتۇۋېتىپ، بۇ مۇھىم تەرەپكە سەل قارىماقتا. ۋاھالەنكى ئەسلى تەلەپ ھەر تەرەپكە ئۆز لايىقىدا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىدى.

## ئىككىنچى، ئىلىم زاپىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇش.

بۇ، خەلقنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ، قىيىنچىلىقلىرىغا چارە تېپىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. دەۋەت ساھەسىدە ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن دەۋەتچىلەرنىڭ ئىلىم زاپىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا ئاقىۋەتى ياخشى بولمىغان نەتىجىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. «چۈنكى ئىلىمسىز ئەمەل قىلغۇچى يولسىز يول يۈرگۈچىگە ئوخشايدۇ. ئىلىمسىز ئەمەل قىلغۇچىنىڭ بۇزغانلىرى ئىسلاھ قىلغانلىرىدىن كۆپ بولىدۇ»[2].

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىلىم ئەمەلنىڭ ئىمامى، ئەمەل ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسىدۇر. ئەگەر ئەمەل ئىلىم بىلەن بولمىسا ئازغۇنلۇق ۋە نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەنلىك بولىدۇ»[3].

ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئاتلىنىش ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى مۇرادىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ: ﴿فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَائِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾. «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنني ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا

[1] مع الله، ص190.
[2] المصدر نفسه (130/1).
[3] مجموع فتاوى ابن تيمية (135/28، 136).

(ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[1].

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شەرىئەت ئۆگىنىشىنى دەپ جىھادتىن ئايرىلىپ قېلىپ گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقى، جىھات قىلىشنى دەپ شەرىئەت ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قېلىپ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىككى پىرقىگە بۆلۈپ، بىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھات قىلىشنى، يەنە بىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا ئالىم بولۇشنى پەرز قىلدى. ئىسلامنى مۇجاھىدلار بىلەن، شەرىئەتنى ئۆلىمالار بىلەن قوغدىدى، خەلقنى بىلمىگەن نەرسىلىرىدە ئۆلىمالارغا مۇراجەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنْتُم لاَ تَعْلَمُونَ﴾. «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[2].

ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا مېڭىش جەننەتكە كىرىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: {من سلك طريقًا يلتمس به علما سهل الله به طريقًا من طرق الجنة}. «كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن جەننەت يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[3].

يېتەرلىك ئىلىم ئالغان دەۋەتچىلەر يول كۆرسەتكۈچ چىراغلارغا ئوخشايدۇ. ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھنىڭ يېتۈك ئۆلىمالار ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئۇلار ھەقىقەتەن قاراڭغۇ زۇلمەتتە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ»[4].

دەۋەتچىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئارىسىدا كەم تېپىلىدىغان ئاخىرەتنى قازىنىش ئىلمىدۇر. كىتاپلارنى يادلىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئىلىمنى ئۆگەنمىگەن كىشى ئالىم ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىلىم پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ غايىسى بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلمان بولۇپمۇ، دەۋەتچى ئۆلىمالار بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشكە قاتتىق مۇھتاج. بۇ ئىلىم ساھابە كىراملارنىڭ ياخشى چۈشىنىپ، ئەجەللىرى توشقانغا قەدەر، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا مۇسابىقىلىشىشىگە تۈرتكە بولغان ئىلمىدۇر[5].

ئىلىم زاپىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇش تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### A. شەرئىي ئىلىم زاپىسىغا ئىگە بولۇش:

بىلىش زۆرۈركى، دەۋەتچىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل ئىلىم شەرئىي ئىلمىدۇر.

[1] سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل 43 ـ ئايەت.
[3] أبو داود، كتاب العلم، باب الحث على العلم (57/4) رقم 3641.
[4] أعلام الموقعين (9/1).
[5] اصول الدعوة، ص328.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى ئىنسانلار شەرئىي ئىلىمنى بىلىش بىلەن توغرا يولدا ماڭالايدۇ، شەرئىي ئىلىمنى بىلمەسلىك بىلەن توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىدۇ[1].

دەۋەتچىلەرنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە، ئىسلام ئەقىدە ئىلمى، تەپسىر ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، فىقھى ئىلمى، سىيرەت ۋە تارىخ ئىلمى، ئۇسۇلۇلفىقھى ئىلمى، تىل ئىلمى قاتارلىق ئىلىملەرنى بىلىشى زۆرۈر.

### دەۋەتچىلەر بۇ ئاساسىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشتە تۆۋەندىكى ئومۇمىي تەلىماتلارغا مۇھتاج بولىدۇ:

1. ئىلىم ئۆگىنىشتە تۆۋەندىن ئۈستۈنگە، ئاساندىن قىيىنغا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش. ئىبنى خەلدۇن رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىلىم ئۆگىنىشتە ئاز-ئازدىن، پەيدىنپەي، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش كۆپ پايدىلىقتۇر»[2].

2. ھەر ئىلىمنى شۇ ساھەدە يېتىشكەن ئۇستازلاردىن ئېلىش ۋە يۈزەكى ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەنمەسلىك. چۈنكى، بۇ ئىلىملەر يۈزەكى كۆز يۈگۈرتۈپ قويسا كۇپايە قىلىدىغان گېزىت، ژۇرناللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇستاز تۇتماي ئۆزى كىتاپتىن ئۆگىنىۋالغان كىشىنىڭ خاتاسى توغرىسىدىن كۆپ بولىدۇ. «ئۇستازى كىتاپ بولغان كىشىنىڭ خاتاسى توغرىسىدىن كۆپتۇر»[3].

شاتىبىي رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىك يوللىرىنىڭ بىرى ئىلىمنى ئۆز ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن ئىلىم ئەھلىدىن ئېلىشتۇر»[4].

3. بىر ئىلىمنى تاماملىماي تۇرۇپ، يەنە بىر ئىلىمگە، بىر ئۇستازدىن تولۇق مەنپەئەت ئالماي تۇتۇپ يەنە بىر ئۇستازغا، بىر كىتاپنى تۈگەتمەي تۇرۇپ يەنە بىر كىتاپقا يۆتكەلمەسلىك. زەرنۇجى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى بىر ئۇستازدىن تولۇق مەنپەئەت ئالماي تۇرۇپ يەنە بىر ئۇستازغا، بىر كىتاپنى تولۇق تۈگەتمەي تۇرۇپ يەنە بىر كىتاپقا، بىر پەننى پۇختا ئۆگەنمەي تۇرۇپ يەنە بىر پەنگە، زۆرۈر بولماي تۇرۇپ يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەلمەسلىكى لازىم. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلارنى چېچىۋېتىدىغان، كۆڭۈللەرنى مەشغۇل قىلىدىغان، ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىدىغان، ئىلىمگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردۇر»[5].

### B. يېتەرلىك مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇش:

دەۋەتچىلەر ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە شۇنىڭدەك ھازىرقى ئەسىر مەدەنىيەت ساپاسىغا

[1] انظر: مقومات الدعوة والداعية الناجح، ص51-53.
[2] مقدمة ابن خلدون، ص533.
[3] مقومات الداعية الناجح، ص54.
[4] الموافقات للشاطبي، (9/1).
[5] تعليم المتعلم للزرنوجي، ص44.

ئىگە بولۇشى لازىم. «چۈنكى دەۋەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەت بولۇپ، ئۇلار ھەرخىل ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ھەر ئىنسانغا شۇ ئىنساننىڭ مەدەنىيىتىگە كۆرە خىتاب قىلىشى ئۈچۈن، يېتەرلىك مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ»[1].

دەۋەتچىلەرنىڭ خەلققە ئىسلام گۈزەللىكلىرىنى، شەرىئەت مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشى، ئىسلامغا قارشى مۇنازىرلەشكۈچىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە لايىقىدا رەددىيە بېرىشى، ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا نىزاملىرىدىكى كامالەتنى ئىزھار قىلىشى، شۇنىڭدەك دەۋەتچىلەرنىڭ ھازىرقى ئەسىر پىكرىي ئېقىملىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا زىت تەرەپلىرىنى ياخشى بىلىشى زۆرۈردۇر.

دەۋەتچىلەرنىڭ ئىلىم زاپىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىغا ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى: زېھنى ئۆتكۈر ۋە دەلىل-پاكىتى كۈچلۈك بولۇش

دەۋەتچىلەر ھەرخىل قاراشلارنىڭ ئارىسىدىن توغرىسىنى كۈچلەندۈرۈش، ئىشلارنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن زېھنى ئۆتكۈر ۋە دەلىل-پاكىتى كۈچلۈك بولۇشى زۆرۈر.

دەۋەتچىلەر سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئىزاھلاش ئۇسۇلى، تەستىقلاش ۋە ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللارنى جايىدا قوللىنىشنى بىلىشى لازىم. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، دەۋەتچىلەردىن بۇ مىساللارنى ياخشى چۈشىنىش ۋە توغرا پايدىلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىلگىرى ئۆتكەن دەۋەتچىلەرنىڭ زېھنى ئۆتكۈر ۋە دەلىل-پاكىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇن قىسسە ۋە ھېكايىلەر بار.

## تۆتىنچى: كۆكسى-قارنى كەڭ ۋە مېھرى-شەپقەتلىك بولۇش

ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەر ئادەتتە كۆكسى-قارنى كەڭ ۋە مېھرى-شەپقەتلىك بولىدۇ. «ئىنسانلار مېھرى-شەپقەتكە، مۇلايىملىققا، كۆڭۈل بۆلۈشكە، سەممىيلىككە، گۈزەل مۇئامىلىگە مۇھتاجدۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان ھاياتى ۋە مۇئامىلىسى مانا مۇشۇنداق ئىدى. «ئۇ زات ئۆزى ئۈچۈن ھەرگىز غەزەپلەنمەيتتى ۋە ئىنتىقام ئالمايتتى. ئۆزى ئۈچۈن بىر نەرسە ساقلىمايتتى، ئىلكىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتەتتى، ئۇلارغا مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ۋە دوستانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، كۆكسى-قارنى كەڭ ۋە مېھرى-شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىغان كىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالاتتى»[3].

[1] الدعوة قواعد وأصول، ص71.
[2] في ظلال القرآن (1/500-501).
[3] أصول الدعوة، ص343، 344.

«دەۋەتچىلەر خەلققە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولۇشى، خەلققە داۋاملىق ياخشى تىلەكتە بولۇشى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈشى لازىم. ئۇلارنىڭ خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقى ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەتلىك بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىق خەلقنى دوزاختىن قۇتقۇزغانلىق ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسىغا ئېرىشتۈرگەنلىكتۇر»[1].

خەلققە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولۇش ئۇلارنى كۆز ئالدىدىكى ھالاكەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: ﴿فَلَعَلَّكَ بَاخِعٌ نَّفْسَكَ عَلَى آثَارِهِمْ إِن لَّمْ يُؤْمِنُوا بِهَذَا الْحَدِيثِ أَسَفًا﴾. «ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن»[2].

دەۋەتچىلەر يەنە كۆكسى ـ قارنى كەڭ، كەچۈرۈمچان ۋە كەچۈرۈمچان بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذِ الْعَفْوَ وَأْمُرْ بِالْعُرْفِ وَأَعْرِضْ عَنِ الْجَاهِلِينَ﴾. «ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)»[3].

ياخشى خىسلەتلەر ئارقىلىق يامان ئىللەتلەركە تاقابىل تۇرغاندا، خەلقنى ياخشى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾. «ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان ئىللەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»[4].

كۆكسى ـ قارنى كەڭ ۋە مېھرى ـ شەپقەتلىك بولغان كىشى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە، ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ[5].

## تەدرىجىيلىككە رىئايە قىلىش

دەۋەتچىلەرنىڭ تەدرىجىيلىككە رىئايە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. زىرائەت، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋاقتتىن بۇرۇن يىغىۋېلىنسا كۈتۈلگەن مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەييار بولۇشى ئۈچۈن بىر قانچە ئاي كېتىدۇ، بەزى كۆچەتلەرنىڭ مېۋە بېرىشىگە بىر قانچە يىل كېتىدۇ. ئىش قانچە چوڭ بولسا نەتىجىسىنى كۆرۈش شۇنچە كېچىكىدۇ.

تەدرىجىيلىك غەلىبە ۋە ئۇتۇقلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن رىئايە قىلىنىشى زۆرۈر بولغان ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقات ۋە كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

[1] أصول الدعوة، ص343، 344.
[2] سۈرە كەھف 6 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەئراف 199 ـ ئايەت.
[4] سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت.
[5] الأخلاق الإسلامية (443/2).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى دەۋەتمۇ تەدرىجىيلىككە رىئايە قىلىنغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى[1].

بەزى دەۋەتچىلەر غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، شائارىئىتلارنى ياخشى چۈشەنمەستىن، ياخشى تەييارلىق قىلماستىن، ئىسلام ئۇممىتى دۇچ كەلگەن كرىزىسلارنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ[2].

ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىنلارنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يارىتىشقا قادىر تۇرۇپ، ئۇلارنى ئالتە كۈندە يارىتىش ئارقىلىق نەزىرىمىزنى تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىگە قاراتقان.

تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىنى ئىسلام قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىمۇ كۆرۈپ ئۆچرىتىمىز. بۇمۇ ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ناماز، روزا، زاكاتلارنى مىسالغا ئالساقمۇ، بۇ ئىبادەتلەر ھازىرقى ھالىتىگە كەلگۈچە بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن[3].

ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىدىكى تەدرىجىيلىكمۇ بۇ مەسىلىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرىدۇ[4].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزنىڭ ئىسلام قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى تەدرىجىيلىك قانۇنىيىتىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «قۇرئان كەرىمدە جەننەت-دوزاخ تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەر نازىل بولۇپ، ئىنسانلار توپ-توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھالال-ھارام تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەر نازىل بولغان. ھاراق ئىچمەڭلار، زىنا قىلماڭلار دېگەن مەزمۇنلار بار سۈرىلەر ئاۋۋال نازىل بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلار: ھاراق، زىنانى ھەرگىز تاشلىمايمىز دەيتتى»[5].

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتە دەۋەت قىلىش باسقۇچىنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ باسقۇچنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كېيىنكى باسقۇچلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ ھۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۇممىدىدە بولغان ھەر بىر مۆئمىندىن بۇ باسقۇچقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

- داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] منهج أهل السنة والجماعة في قضية التغيير، ص68، 69.
[2] آفات على الطريق–السيد محمد نوح (27/1).
[3] انظر: التمكين للأمة الإسلامية، ص127.
[4] انظر: التمكين للأمة الإسلامية، ص228.
[5] رواه البخاري، كتاب فضائل القرآن، باب: تأليف القرآن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




بىزنى يوقتىن بار قىلغان، سان ـ ساناقسىز نېمەتلەر بىلەن ياشاتقان رەببىمىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىپ شۈكۈر قىلىمىز. يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن.

شۈكۈر قىلىش ـ ئۆزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ياخشىلىق قىلغۇچىغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قايتۇرۇش، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. بىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەرنى بېرىپ تۇرىدىغان ۋە شۈكۈر قىلىشىمىزغا ئەڭ لايىق بولغان زات ئاللاھ تائالادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندە رەببىمىز ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ھەققىدە توختىلىمىز:

## شۈكۈر قىلىشنىڭ مەنىسى:

شۈكۈر ـ نېمەتنى ئېتىراپ قىلىش، ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە نېمەتنى توغرا ئىشلىتىش، دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ئۈچ ئاساسى بار:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش. يەنى قولىدىكى ئۆمۈر، سالامەتلىك، بالا ـ چاقا، پۇل ـ مال، ئىلىم، مەنسەپ، ئېتىبار ۋە باشقا سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى

ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى كەرەمى بىلەن ئاتا قىلغانلىقىنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالاغا مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ھېس قىلىش.

2 ـ قەلبىدىكى مىننەتدارلىقنى تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ۋە شۈكۈر قىلىش. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېگەندىن كېيىن «ئەلھەمدۇ لىللاھ (ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ شۈكۈر قىلىمەن)» دېيىشنى، ئەتىگەندە ئۇيقىدىن ئويغانغاندا «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىشنى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ دەپ سورىغان كىشىگە جاۋابەن «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىشنى، شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر ياخشىلىققا ئېرىشكەندە «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېيىشنى ئۆگەتكەن.

3 ـ نېمەتنى توغرا ئىشلىتىش. قولىمىزدىكى بارلىق نېمەتلەرنى ئاللاھ تائالا بەرگەن ئىكەن، ئۇ نېمەتلەرنى ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە ئىشلىتىش لازىم. يەنى ئۆزىمىزنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا بېخىللىق قىلماستىن، ئىسراپ قىلماستىن ئىشلىتىش، ئۆزگىگە، جەمئىيەتكە ۋە ۋەتەنگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، ھەر تۈرلۈك گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن ساقلىنىش لازىم. ئەكسىچە قىلغاندا، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتكەن تۈزكور بەندە بولۇپ، جازالىنىشقا ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ.

## شۈكۈرنىڭ دىنىمىزدىكى ئەھمىيىتى:

شۈكۈرنىڭ دىنىمىزدىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. بۇنى ياخشى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندە شۈكۈرنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر نەچچە ماددىدا بايان قىلىمىز:

1 ـ شۈكۈر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى «شەكۇر (شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى)»دۇر. ئاللاھ تائالانىڭ شۈكۈر قىلىشى، بەندىسىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بەرگۈچى دېگەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ شەكۇر ئىسمى زىكىر قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿وَاللَّهُ شَكُورٌ حَلِيمٌ﴾ «ئاللاھ ئاز ياخشىلىققا كۆپ مۇكاپات بەرگۈچىدۇر، جازالاشقا ئالدىراپ كەتمىگۈچىدۇر.»[1] ﴿إِنَّ رَبَّنَا لَغَفُورٌ شَكُورٌ﴾ «بىزنىڭ رەببىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر.»[2]

2 ـ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش ئىنساننى يارىتىشنىڭ غايىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ ياراتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ أَخْرَجَكُمْ مِنْ بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْئًا، وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ، لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «ئاللاھ سىلەرنى ئانىڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن

[1] تەغابۇن سۈرىسى، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] فاتىر سۈرىسى، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقاردى. ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە دىللارنى ئاتا قىلدى.»[1] يەنى ئىنسان دۇنياغا كەلگەندە ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا كۆز، قۇلاق ۋە دىلدىن ئىبارەت بىلىش ئەزالىرىنى ياراتتى. ئىنسان قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ بىلىدۇ، كۆزى بىلەن كۆرۈپ بىلىدۇ، ئەقلى بىلەن ئويلاپ بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننى مۇشۇنداق قابىلىيەتلەر بىلەن يارىتىشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلار بۇ بىلىش ئەزالىرى بىلەن ياراتقۇچىسىنى بىلسۇن ۋە ئۇنىڭ سانسىز نېمەتلىرىنى تونۇپ شۈكۈر قىلسۇن ئۈچۈندۇر.

3 ـ شۈكۈر ئۆز ئالدىغا ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغانلىقىمىز، ئاللاھ تائالاغا بولغان قۇللۇق ئىبادىتىمىزدىن بىرىنى ئادا قىلغانلىقىمىز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاشْكُرُوا لِلَّهِ إِنْ كُنْتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ «ئەگەر ئاللاھقا ئىبادە قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار.»[2] ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئىبادەت بولغان ئىكەن، شۈكۈر قىلماسلىق ئاسىيلىق ۋە ئىبادەتتىن باش تارتىش بولىدۇ.

4 ـ شۈكۈر قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتى. پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تائالاغا ئەڭ كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان ۋە ئۈممىتىگە بۇ گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە بولغان زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ كَانَ عَبْدًا شَكُورًا﴾ «نۇھ ھەقىقەتەن كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە ئىدى.»[3] ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ إِبْرَاهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِلَّهِ حَنِيفًا وَلَمْ يَكُ مِنَ الْمُشْرِكِينَ * شَاكِرًا لِأَنْعُمِهِ اجْتَبَاهُ وَهَدَاهُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، ئاللاھقا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى.»[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن كېچىلىرى سائەتلەرچە ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، «يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھ سىلىنىڭ ئاۋۋال ـ ئاخىر بارلىق گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ناماز ئوقۇيدىلا؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: {أفلا أكونُ عبدًا شَكورًا؟} «ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟)» دېگەن.[5] بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ كۆپ ئىبادەت

[1] نەھل سۈرىسى، 78 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىسرا سۈرىسى، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] نەھل سۈرىسى، 120 ـ 121 ـ ئايەتلەر.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىش ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش پەقەت گۇناھلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: {اللهم ما أصبحَ (أمسى) بي من نعمةٍ أو بأحدٍ من خلقِك فمنك وحدَكَ لا شريكَ لك، فلك الحمدُ ولك الشُّكرُ} «ئى ئاللاھىم! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە (ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداق بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ سەندىندۇر. سەن يالغۇزسەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھەمدۇسانا ساڭادۇر، شۈكۈر ساڭادۇر.»[1]

5ـ شۈكۈر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى شۈكۈر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿كَمَا أَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِنْكُمْ يَتْلُو عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ * فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ﴾ «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى كامالەتكە يەتكۈزگىنىمدەك) ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھدىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى دىنىي ئەھكاملارنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. مېنى (تائەت ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار.»[2] ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان ئىشلارغا باشلاش ۋە زىيانلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەنلىكى، شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ نېمەتلەردىندۇر.

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {عَجَبًا لِأَمْرِ الْمُؤْمِنِ إِنَّ أَمْرَهُ كُلَّهُ خَيْرٌ، وَلَيْسَ ذَاكَ لِأَحَدٍ إِلَّا لِلْمُؤْمِنِ؛ إِنْ أَصَابَتْهُ سَرَّاءُ شَكَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ، وَإِنْ أَصَابَتْهُ ضَرَّاءُ صَبَرَ فَكَانَ خَيْرًا لَهُ} «مۇئمىنلارنىڭ ئىشىغا ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر، بۇنداق بولۇش مۇئمىنگىلا خاستۇر: ئۇنىڭغا بىر خۇشاللىق يەتسە، ئاللاھقا شۈكۈر قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ؛ ئەگەر بېشىغا بىر خاپىلىق كەلسە، سەۋر قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرلىك بولىدۇ.»[3]

6ـ ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانلارنى شۈكۈر قىلىشقا چاقىرغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا بارلىق ئىنسانلارنى مۇسۇلمان ـ كاپىر ئايرىماستىن ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك ھەر تۈرلۈك نېمەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. ئەقلىنى ئىشلەتكەن، ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 151 ـ 152 ـ ئايەت.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان بارلىق نېمەتلەرنىڭ ئۆزىگە بىرلىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى، بۇ نېمەتلەرنى بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا خَلَقْنَا لَهُمْ مِمَّا عَمِلَتْ أَيْدِينَا أَنْعَامًا فَهُمْ لَهَا مَالِكُونَ * وَذَلَّلْنَاهَا لَهُمْ فَمِنْهَا رَكُوبُهُمْ وَمِنْهَا يَأْكُلُونَ * وَلَهُمْ فِيهَا مَنَافِعُ وَمَشَارِبُ أَفَلَا يَشْكُرُونَ﴾ «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ، ئۇلار (بۇ نېمەتلەرگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟»[1]

## شۈكۈر قىلىشنىڭ پايدىلىرى:

شۈكۈر قىلىشنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، تۆۋەندە بەزىلىرى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1 ـ نېمەتنى قولدا تۇتۇشنىڭ يولى شۈكۈر قىلىشتۇر. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى قەدىرلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. نېمەتنى قەدىرلىگەن ۋە ئۇنى بۇزۇپ چاچماستىن ئۆز جايىغا، ئۆز لايىقىدا ئىشلەتكەن ۋە نېمەتنى بەرگۈچى رەببىگە شۈكۈر قىلغان بەندىگە ئاللاھ تائالا نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر (كۇفرانى نېمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكالىدى.»[2]

2 ـ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلغان كىشى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلغان بەندىسىنى ئازاب قىلمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَا يَفْعَلُ اللَّهُ بِعَذَابِكُمْ إِنْ شَكَرْتُمْ وَآمَنْتُمْ وَكَانَ اللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمًا﴾ «ئەگەر (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»[3]

3 ـ شۈكۈر قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ «ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.»[4]

## ناشۈكرلىك قىلىشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى:

[1] ياسىن سۈرىسى، 71 ـ 72 ـ 73 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى، 147 ـ ئايەت.
[4] ئال ئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالا نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغان، نېمەتتىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت بەرگۈچىنى تونۇمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى ھەرخىل ئۇسۇللاردا جازالايدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ بەزىلىرى مۇنداق:

1 ـ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىش. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى جازالاش قانۇنى بار. ئۇ بولسىمۇ «جازا ئەمەلنىڭ جىنسىدىن بولىدۇ» دېگەن قانۇن. يەنى كىم قانداق گۇناھ قىلسا، قانداق جىنايەت ئۆتكۈزسە، شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك جازا بېرىدۇ. مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن، نېمەتكە شۈكۈر قىلماي تۈزكورلۇق قىلغۇچىنى ئاشۇ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىش بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەققەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا قَرْيَةً كَانَتْ آمِنَةً مُطْمَئِنَّةً يَأْتِيهَا رِزْقُهَا رَغَدًا مِنْ كُلِّ مَكَانٍ فَكَفَرَتْ بِأَنْعُمِ اللَّهِ فَأَذَاقَهَا اللَّهُ لِبَاسَ الْجُوعِ وَالْخَوْفِ بِمَا كَانُوا يَصْنَعُونَ﴾ «ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمىنى تېتىتتى.»[1] يەنى ئاللاھنىڭ خاتىرجەم قىلىش ۋە كەڭتاشا رىزىق بېرىش نېمىتىگە شۈكۈر قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بۇ نېمەتنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇلارنى ئاچلىق ۋە قورقۇنچىدا قىلىش بىلەن جازالىدى.

2 ـ نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغان كىشىنى ئاشۇ نېمەت بىلەن جازالاش. ئاللاھ تائالا نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغان كىشىگە بېرىۋاتقان نېمىتىنى ئازابقا ئايلاندۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ جازالانمىغانلىقىنى كۆرگەن تۈزكور ئىنسان ئاسىيلىقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئېغىر جازاغا ھەقلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەققەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَالُهُمْ وَلَا أَوْلَادُهُمْ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ بِهَا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنْفُسُهُمْ وَهُمْ كَافِرُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ مال مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.»[2]

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى خالىغان نېمەت بىلەن بەھرىمەن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۈكۈر قىلمىسا، ئاللاھ ئۇ نېمەتنى ئازابقا ئۆرۈۋېتىدۇ.»[3]

3 ـ ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلماسلىقنى زۇلۇم ۋە كۇفرىلىق دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَأَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجَ بِهِ مِنَ الثَّمَرَاتِ رِزْقًا

---

[1] نەھل سۈرىسى، 112 ـ ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى، 55 ـ ئايەت.
[3] «عدة الصابرين» 194-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لَكُمْ، وَسَخَّرَ لَكُمُ الْفُلْكَ لِتَجْرِيَ فِي الْبَحْرِ بِأَمْرِهِ وَسَخَّرَ لَكُمُ الْأَنْهَارَ * وَسَخَّرَ لَكُمُ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ دَائِبَيْنِ وَسَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ * وَآتَاكُمْ مِنْ كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُ وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا، إِنَّ الْإِنْسَانَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، يامغۇر سۈيى بىلەن سىلەرگە رىزىق قىلىپ نۇرغۇن مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئەمرى بويىچە دېڭىزدا قاتنايدىغان كېمىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. سىلەرگە ئاي بىلەن كۈننى تەرتىپلىك ئايلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، سىلەرگە كېچە بىلەن كۈندۈزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.»[1]

## شۈكۈر قىلىش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى:

1 ـ تەقۋادار بولۇش. ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورققان كىشى، قولىدا بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى دەپ بىلىپ، شۈكۈر قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنْتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىرىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.»[2]

2 ـ قولىدىكى نېمەتكە قانائەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇش. ئاللاھ تائالا بەزىلەرگە ئاز، بەزىلەرگە كۆپ نېمەت بېرىدۇ. بەزىدە كۆپ ئىشلىسىمۇ، ئاز پايدىغا ئېرىشىدۇ. مەيلى ئاز مەيلى كۆپ ھەممىسى ئىمتىھاندۇر. كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەش لازىم. ئاندىن ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇپ، قانائەت قىلسا، قولىدىكى نېمەتنى قەدىرلەپ شۈكۈر قىلالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: {كن قنعا تكن أشكر الناس} «قانائەتلىك بولغىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شۈكۈر قىلغۇچىسى بولىسەن.»[3]

3 ـ تۇرمۇشتا ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە قاراش؛ ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە قارىماسلىق. ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە قارىغان كىشى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى ۋە قولىدىكى نېمەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {انْظُرُوا إِلَى مَنْ هو أَسفَل مِنْكُمْ وَلا تَنْظُرُوا إِلَى مَنْ هُوَ فَوقَكُم؛ فهُوَ أَجْدَرُ أَن لا تَزْدَرُوا نعمةَ اللَّه عَلَيْكُمْ} «ئۆزەڭلاردىن تۆۋەن كىشىلەرگە

[1] ئىبراھىم سۈرىسى، 32 ـ 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 123 ـ ئايەت.
[3] ئىبنى ماجە رىۋايىتى. سەھىھ ھەدىس.

قاراڭلار؛ يۇقىرىڭلاردىكى كىشىلەرگە قارىماڭلار. مۇشۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى كىچىك كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.»[1]

4 ـ ئاللاھنىڭ نېمىتىنى سۆزلەش. ئاللاھنىڭ نېمىتىنى سۆزلەش ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا بولىدۇ. بەندە ئۆزىگە ئۆزى ئاللاھ تائالا ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق نېمەتلەرنى بېرىپتۇ، بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشىم كېرەك، دېسە، بۇ سۆز يۈرىكىگە تەسىر قىلىدۇ، شۈكۈر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئالدىدا پەخىرلەنمەستىن ۋە كىبىرلەنمەستىن ئاللاھ تائالا ماڭا مۇنداق نېمەت بەردى، دەپ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تىلغا ئالسا، ئۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ قەلبىدە ئۇ نېمەتكە شۈكۈر قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ «رەببىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ).»[2]

5 ـ شۈكۈر قىلىشنىڭ پايدىلىرىنى بىلىش. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك شۈكۈر قىلىشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بار. بۇ پايدىلارنى بىلگەن ۋە ئويلىغان كىشى شۈكۈر قىلىشقا رىغبەتلىنىدۇ.

6 ـ شۈكۈر قىلماسلىقنىڭ زىيانلىرىدىن ھەزەر ئەيلەش. شۈكۈر قىلماسلىقنىڭ زىيانلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلگەن كىشى، ئاشۇ زىيانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ.

7 ـ دۇئا قىلىش. ئاللاھ تائالادىن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا ياردەم تىلەپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى شۈكۈر قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ناھايىتى ئۇلۇغ بىر دۇئانى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: {يا معاذ! والله إني لأحبك، أوصيك يا معاذ! لا تدع في دبر كل صلاة أن تقول: {اللهم أعني على ذكرك، وشكرك، وحسن عبادتك»} «ئى مۇئاز! مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئى مۇئاز! مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي، ئۇ دۇئانى ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدىن ئوقۇشنى تەرك ئەتمىگىن. ‹ئى ئاللاھىم! ماڭا سېنى زىكىر قىلىشقا، ساڭا شۈكۈر قىلىشقا ۋە ساڭا ياخشى ئىبادەت قىلىشقا ياردەم بەرگىن›.»[3]

ئاللاھ تائالا بىزلەرگە نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشقا ياردەم قىلسۇن. نېمەتلىرىدىن مەھرۇم بولىدىغان ۋە غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىسۇن. ئامىن.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] زۇھا سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

# ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئوقۇش مۇكاپاتى



ھەبىبۇللا مەتقۇربان

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ماقالىدە ئىسلام مەدەنىيىتىدە ئوقۇش مۇكاپاتىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرەققىياتى، مۇئەسسەسەلىشىش جەريانى، ئىسلامدىكى ئورنى ۋە فىقھىي ئاساسلىرى، ئەھمىيىتى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىدە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئىسلامدا ئوقۇش ۋە ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى

قەدىمدىن بۈگۈنگە قەدەر دۇنيا سەھنىسىگە چىققان بارچە ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىلار ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى بولغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ئەزەلدىن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى بولۇپ «ئوقۇ!»[1] دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى شۇ ئىلىم تۈپەيلىدىن كاتتا مەرتىۋىگە ئىگە قىلغانلىقى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت سەجدىسى قىلدۇرغانلىقى[2]

[1] سۈرە ئەلەق، 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە، 30 ـ 34 ـ ئايەتلەر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن سانىلىدىغان جىھادقىمۇ قاتناشماي ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى[1] ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئىلىمنىڭ ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن. يەنە شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى ئىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئىلىم يولىدا ماڭغانلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرنىڭ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئۆگىنىشكە تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرگەن[2]. شۇ ۋەجىدىن مۇسۇلمانلار دەسلەپتىن باشلاپلا ئىلىمگە ۋە ئىلىم يولىدا ماڭغان ئوقۇغۇچى-ئۇستازلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ، تۈرلۈك شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىپ كەلگەن. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىلىم يولىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تۈرلۈك ياردەملەرنى بېرىش ئىشىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش بارغانسېرى سىستېمىلىشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەر قايسى خەلقلەر ئىچىدىكى «ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» دەيدىغان نام ئاستىدىكى بىر خىل ياردەم كۈلتۈرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

## ئىسلامدا ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

تارىختىقا نەزەر سالىدىغان بولساق، مائارىپنى، ئوقۇغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقاتلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش پىكرىنى ئەڭ بالدۇر ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي ھاياتىدا جانلىق رەۋىشتە تەتبىقلىغانلار مۇسۇلمانلاردۇر. بىز تۆۋەندە بۇنىڭ ئەمەلىي ھەم جانلىق ئۆرنەكلىرىنى مىساللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

## ئىسلامدا ئوقۇش مۇكاپاتىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىكى فىقھىي ئاساس

ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنىڭ زېھنىگە سىڭدۈرگەن «ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش روھى» ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھاياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ روھ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق

[1] سۈرە تەۋبە، 122-ئايەت.
[2] سۈرە تاھا، 114-ئايەت؛ سۈرە فاتىر، 28-ئايەت؛ سۈرە زۇمەر، 9-ئايەت؛ سۈرە مۇجادەلە، 11-ئايەت؛ بۇخارىي، ئىلىم، 100-ھەدىس؛مۇسلىم، ۋەسىييەت، 1631-ھەدىس؛ ئىبنى ھىببان، ئىلىم، 88-ھەدىس؛ تىرمىزىي، زۇھد، 2322-ھەدىس. ئىمام غەززالىي: «إحياء العلوم الدين»، 11-19-بەتلەر، «دار ابن حزم»، بېيرۇت-لىۋان، 2005-يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋەھىمنىڭ بۇنچىۋالا كۈچلۈك بولۇشىدا بىر قىسىم فىقھىي پەتۋالارنىڭمۇ ئالاھىدە رولى بولغان. فىقھشۇناس ئالىملار پەرزنى «پەرز ئەين» ۋە «پەرز كۇپايە» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان بولۇپ، پەرز ئەين بىر كىشىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزى بىۋاستە ئورۇندىشى تەلەپ قىلىنغان خۇسۇسىي ئىبادەتلەرنى كۆرسەتسە، پەرز كۇپايە ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان جەمئىيىتىدىكى مەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرىپىدىن ئورۇندالسا پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىدىن ساقىت بولىدىغان، ئەگەر ھېچكىم قىلمىسا پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى گۇناھكار بولىدىغان ۋە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئەمەل- ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ[1]. فىقھشۇناسلار بۇ تۈردىكى پەرز (يەنى پەرز كۇپايە) ھەققىدە: «پۈتۈن ئۇممەتتىن ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان ھەر قانداق شەرەپلىك بىرەر ۋەزىپىنى بىر ياكى بىر توپ كىشى ئۈستىگە ئالغان بولسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ياردەملىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى كېرەك» دەپ قارىغان. ئەبۇ مەنسۇر ماترۇدىي: «ئىلىم يولىدا ماڭغانلارنىڭ چىقىمىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئۇنىمىسا، خۇددى زاكاتنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلانغاندەك مەجبۇرلىنىدۇ»[2] دېگەن. پرىنسىپ جەھەتتە مەلۇم بىر يۇرتتىن يىغىلغان زاكاتنى باشقا بىر يۇرتقا يۆتكەش چەكلىنىدىغان بولسىمۇ، ئىلىم يولىدا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىقىمىنى قامداش ئۈچۈن يۆتكەش جائىز، دەپ قارىلىدۇ[3].

ئىمام نەۋەۋى: «شەرئىي ئىلىم يولىدىكى بىر ئوقۇغۇچى گەرچە ئىشلەشكە شەرت- شارائىتى يار بېرىدىغان بولسىمۇ، ئىشلەش ئۇنىڭ ئىلىم ئېلىشىغا توسالغۇ بولسا زاكات مېلىنى ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئىلىم تەھسىل قىلىش پەرز كۇپايە»[4] دېگەن. يەنە شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئۆلىمالار: «تالىبۇل ئىلىملەرگە كېتەرلىك بولغان كىتاب، دەپتەر، قەلەم، سىياھ دېگەندەك ئوقۇش لازىمەتلىكلىرى زاكات مېلىدىن قامدالسا بولىدۇ»[5] دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، فىقھشۇناسلار دۆلەتنىڭ تالىبلارنىڭ ۋە ئۆلىما- ئۇستازلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ قاراپ، دۆلەت مالىيەسىدىن ئۇلارغا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىشى كېرەك، دەپ پەتىۋا بەرگەن. ھەنەفىي فەقىھلىرىدىن ئىبنى ئابىدىن «رد المحتار على الدر المختار» ناملىق كىتابىدا شەرئىي ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى دۆلەت مالىيەسىدىن قامدىلىشى كېرەك، دېگەن.

[1] ئىبنى ئابىدىن: «رد المحتار»، 2- جىلد، 257- 258- بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: شەيخ ئادىل ئەھمەد ئابدۇلمەۋجۇد، شەيخ ئەلىي مۇھەممەد مۇئەۋۋەز، «دار عالم الكتب»، رىياد، 2003- يىلى نەشرى؛ «موسوعة الكويتية الفقهية»، 35- جىلد، 6- 7- بەت، «دار الصفوة-وزارة الأوقاف»، كۇۋەيت، 1995- يىلى نەشرى.
[2] ئىبنى ئابىدىن، «العقود الدرية في تنقيح فتاوى حامدية»، 1- جىلد، 145- بەت، «دار الكتب العلمية»، بېيرۇت- لىۋان، 2008- يىلى نەشرى.
[3] ئىبنى ئابىدىن: «رد المحتار»، 3- جىلد، 285- بەت، «دار عالم الكتب»، رىياد، 2003- يىلى نەشرى.
[4] ئىمام نەۋەۋىي: «المجموع»، 6- جىلد، 171- بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد نەجىيب ئەلمۇتىيئىي، «مكتبة الإرشاد»، سەئۇدىي ئەرەبىستان- جىددە.
[5] ئىمام بۇھۇتىي: «كشف القناع»، 2- جىلد، 271- بەت، «عالم الكتب»، بېيرۇت، 1983- يىلى نەشرى.

يەنە بىر بۆلۈك ئۆلىمالار ئىلىم يولىدىكىلەر گەرچە باي بولسىمۇ زاكات مىلىدىن ئىشلەتسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ[1].

## رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن ئۆرنەكلەر

ئىسلامدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ماددىي ياردەم بېرىش رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىلا باشلانغان. رەسۇلۇللاھ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ھەتتا ساناقلىق بىر قانچە كىشىلەردىن سىرت، ئومۇميۈزلۈك ساۋاتسىزلىق ئەۋج ئالغان بىر مىللەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار قەبىلە دەپ قارىلىدىغان قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە خەت يېزىشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ئارانلا ئون نەچچە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزەرىيە جەھەتتىن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە ئىلىمنىڭ تولىمۇ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئېلىشقا تەرغىب قىلىپ، ئىلىم يولىدىكىلەرگە ياردەم بېرىشتە ئەمەلىي ئۆرنەكلەرنى ياراتقان.

مەسىلەن، بىز ئەينى چاغدىكى ئوقۇش خىراجىتى ھەققىدە ئىزدەنگىنىمىزدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى غازىتىدا مۇشرىكلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ تۆلىمىنى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ خەت ساۋادىنى چىقىرىپ قويۇش بەدىلى قىلىش ئارقىلىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ماددىي جەھەتتىن مەبلەغ سېلىشنىڭ تۇنجى ئۆرنىكىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. رەسۇلۇللاھ بەدرى غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن ھەربىر ئەسىرنىڭ تۆلىمىنى 4000 (تۆت مىڭ) دىرھەم قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ[2]، ئەسىرلەر ئىچىدىن كىمكى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىدىن ئون بالىنى ساۋاتلىق قىلىپ قويسا، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان تۆلەمنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان[3]. بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى تەخمىنەن 400 دىرھەم ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

ئىسلام قۇياشى تۇنجى پارلىغان دەۋرلەردە «قۇرئان كەرىم» ئىلىم ئەھلىنىڭ باشقىلاردىن پەزىلەتتە ۋە مەرتىۋىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾[4]. يەنە باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەردىمۇ ئىلىم ئېلىشنىڭ پەزىلىتى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى، بولۇپمۇ «سۇففە ئەھلى»نى ئىلىم

[1] ئىبنى ئابىدىن: «رد المحتار»، 3 ـ جىلد، 304 ـ بەت، «دار عالم الكتب»، رىياد، 2003 ـ يىلى نەشرى.
[2] ئىبنى سەئد: «طبقات»، 2 ـ جىلد، 19 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەتائ «دار كتب العلمية»، بېيرۇت ـ لىۋان، 1990 ـ يىلى نەشرى.
[3] ئەينى ئەسەر، 2 ـ جىلد، 16 ـ بەت.
[4] سۈرە زۇمەر، 9 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىقىمغا ئۆزى كېپىل بولۇپ، پۈتۈن ۋاقتىنى ئىلىمگە سەرپ قىلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن[1]. ئەبۇ نۇئەيم ئەسفەھانىي (ھىجرىيە 430-يىلى ۋاپات بولغان) «ھۇلىيەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق كىتابىدا ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىپ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تېڭىپ قويۇپ سۇففە ئەھلىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزاتتى. سۇففە ئەھلىنىڭ پۈتۈن ئىشى قۇرئاننى چۈشىنىش ھەم ئۆگىنىش ئىدى»[2] دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى «ئىسلامنىڭ مېھمانلىرى» دەپ قارايدىغان بولۇپ، سەدىقە، زاكات ۋە باشقا ئۆزىگە كەلگەن سوۋغا-سالاملارنى ئاشۇلارنىڭ چىقىمىغا ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلاردىن ھەر كىشىنىڭ كۈندىلىك تەمىناتى ئۈچۈن بىرىم مۇد خورمىنى مۇقىم تەمىنات قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن[3]. سۇففە ئەھلىنىڭ سانى تەخمىنەن 70 ئەتراپىدا بولۇپ، ئەبۇ نۇئەيم ئۇلاردىن 52 ئادەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان[4]. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ سانى بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ تۇراتتى[5]. بەزى رىۋايەتلەردە سۇففە ئەھلىنىڭ سانىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا 400 گە قەدەر بارغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ[6]. بەزى ئالىملار ئەينى دەۋردىكى سۇففەنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ياتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[7]. ئاشۇ سۇففەدە تەربىيەلەنگەن ساھابىلەر ئىچىدە ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان فارسىي، ئەبۇ سەئىيد خۇدرىي ۋە ئەبۇ زەر غىفارىي قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر خىلىلا يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيەگە يەتكەن بولۇپ، پەتىۋا بېرىش ۋە باشقا ساھەلەردە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن ئىدى.

## رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى دەۋرلەردىن ئۆرنەكلەر

مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بولۇپ، ئەگەر ھەر قايسى مەزھەب پېشۋالىرى ۋە پېشقەدەم ئۆلىمالار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرىنى ۋە ئوقۇش خىراجەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىغان بولسا ئۇلار تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن قېلىپ، بەلكىم ئۇلارنىڭ مەزھەبلىرى بۈگۈنكى كۈندە نامى تىللاردا داستان بولغان ئۇنچىۋالا مول ھەم تارىخىي

[1] بۇخارىي، رىقاق، 6452-ھەدىس؛ تىرمىزىي، سىفەتۇ يەۋمىلقىيامە، 2477-ھەدىس؛ ئىبنى سەئد: «طبقات»، 1-جىلد، 196-197-بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەتائ، «دار كتب العلمية»، بېيرۇت-لىۋان، 1990-يىلى نەشرى.
[2] ئەبۇ نۇئەيم ئەسفەھانىي: «حلية الأولياء وطبقات الأصفياء»، 1-جىلد، 342-343-بەت، «دار الفكر»، بېيرۇت-لىۋان، 1996-يىلى نەشرى.
[3] ئەينى ئەسەر، 1-جىلد، 374-بەت.
[4] ئەينى ئەسەر، 2-جىلد، 26-77-بەتلەر.
[5] ئەينى ئەسەر، 1-جىلد، 339-341-بەتلەر.
[6] مۇستافا باكتىر، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، «سۇففە» ماددىسى، 470-بەت، ئىستانبۇل، 2009-يىلى نەشرى.
[7] مۇھەممەد ھەمىيدۇللاھ: «ئىسلام پەيغەمبىرى»، تۈركچىلەشتۈرگۈچى: مەھمەت يازگان، 634-بەت، بەيان نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 2019-يىلى نەشرى.

ئىلمىي بايلىقلارغا ئىگە بولمىغان بولاتتى. مەسىلەن، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇفنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، ئىلىمگە ئۆزىنى بېغىشلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن[1].

ياقۇت ھەمەۋىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، مۇھەددىس ئىبراھىم ھەربىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر قېتىم ئىشىك ئالدىدا ئولتۇراتتىم. بۇ، ھاجىلار خۇراساندىن كېلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن لىق ئوزۇق-تۈلۈك ئارتىلغان ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ كېلىپ، تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ: «بۇ ئىبراھىم ھەربىيگە بېرىدىغان تۆگىلەر ئىدى. ئىگىسى مېنى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتماسلىققا قەسەم قىلدۇرۇپ ئەۋەتتى، دەپلا كېتىپ قالدى»[2].

بەزىدە ئىلىم يولىدىكىلەرگە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىمۇ ھەدىيە قىلىنىپ تۇراتتى. ھىجرىيە 831-يىلى شەيخ ئەلائۇددىن بۇخارىيغا ھىندىستاندىكى كەلبىرجا شەھىرىنىڭ ھاكىمىدىن ئۈچ مىڭ گەز رەخت ئەۋەتىلگەن. شەيخ ئۇ رەختتىن 1000 گەزنى يېنىدا ئوقۇيدىغان تالىپلارغا تارقىتىپ بەرگەن[3].

بۇ نۇقتىدا تالىبۇل ئىلىم ۋە ئۆلىمالارغا مۇكاپات بېرىشتە مەشھۇر خەلىپە ۋە سۇلتانلار ئىچىدە ئابباسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىد (ھىجرىيە 119-يىلى)، ئۇنىڭ ئوغلى مەئمۇن (ھىجرىيە 218-يىلى) ۋە سۇلتان نۇرىددىن مەھمۇد زەنكىي (مىلادىيە 569-يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىغا ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن داڭق چىقارغان ئىدى. تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھارۇن رەشىدنىڭ سورۇنىدا ئىلىم ئەھلى ۋە ئوقۇغۇچى-تالىپلار ئالاھىدە قەدىرلىنەتتى. ئۇ تالىپلارغا ۋە ئۆلىمالارغا ھەر ۋاقىت سوۋغا-سالاملارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەئمۇننىڭ دەۋرىدە «بەيتۇل ھىكمەت» دېيىلىدىغان ئىلمىي-تەتقىقات مەركىزىمۇ ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. مەئمۇن تالىپلارغا، ئۆلىمالارغا ۋە تەرجىمانلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. ئەييۇبىيلار دەۋرىمۇ ئىلىم-مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ دەۋرلەردە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدرىسەلەر كۆپلەپ سېلىنىش بىلەن بىرگە، تالىپلار ۋە ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالىدىن دۆلەت ئالاھىدە

[1] خەتىب ئەلباغدادىي: «تاريخ مدينة الإسلام» (تاريخ بغداد)، 16-جىلد، 361-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف، «دار الغرب الإسلامي»، 2001-يىلى نەشرى.
[2] ياقۇت ھەمەۋىي: «معجم الإدباء»، 1-جىلد، 43-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور ئېھسان ئاببااس، «دار الغرب الإسلامي»، بېيرۇت-لىۋان، 1993-يىلى نەشرى.
[3] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «إنباء الغمر بأبناء العمر». 3-جىلد، 401-402-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور ھەسەن ھەبەشىي، «لجنة إحياء التراث الإسلامي»، قاھىرە، 1972-يىلى نەشرى.

خەۋەر ئالغان[1].

## تالانت ئىگىلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش

ئىمام زەھەبىيدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ جەمرە مۇنداق دېگەن: «بىر قېتىم ئىبنى ئابباس بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ: ــ مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن. ساڭا مال ـ مۈلكۈمدىن بىر ئۈلۈش بېرەي، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئاي تۇردۇم»[2]. ئەبۇ جەمرە ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدا پارسچە تەرجىمانلىق قىلغان[3]. بۇنىڭدىن ئەبۇ جەمرەنىڭ پارس تىلىنى تېزلا ئاغزاكىي تەرجىمە قىلىش تالانتى بارلىقى مەلۇم. ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي بىر قىسىم ئۆلىمالارنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئىشىدىن «ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ھەق ئالسا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى دەلىللىگەنلىكىنى ئېيتقان[4].

نامرات بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئەبۇ يۈسۈف ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەنلىكتىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئوقۇشىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يۈز دىنار (شۇ دەۋردىكى ئالتۇن پۇل) سېلىنغان بىر ھەميياننى بەرگەندىن كېيىن: ــ ناۋادا بۇ پۇل تۈگەپ قالسا، ماڭا ئېيتقىن، ــ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ يۈسۈف باشقا ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ ئىلىم سورۇنىدىن ئايرىلمىغان. ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ئاشۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ئەزەمنىڭ يەنە ئۆزگە پات ـ پات خىراجەت بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان[5].

ئىمام شافىئىيمۇ كەمبەغەلچىلىكتە چوڭ بولغاچقا، باشلانغۇچ ئوقۇش خىراجىتىنىمۇ تۆلىيەلمىگەن. شۇ ۋەجىدىن ئوقۇش خىراجىتى كەچۈرۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇستازىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگەن. ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى، شۇنداقلا ئىمام بۇخارىينىڭ ئۇستازى بولغان ئەبۇبەكرى ئەلھۇمەيدىي (ھىجرىيە 219 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىمام شافىئىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئىمام شافىئىي

[1] مۇھەممەد ئەھمەد ئىسمائىل ئەلمۇقەددەم: «علو الهمة»، 396 ـ 397 ـ بەتلەر، «دار الإيمان»، ئىسكەندەرىييە، 2004 ـ يىلى نەشرى؛ مۇھەممەد سۇھەيل تەققۇش: «تاريخ الدولة العباسية»، 91 ـ 136 ـ بەتلەر، «دار النفائس»، بېيرۇت ـ لىۋان، 2009 ـ يىلى نەشرى؛ مۇھەممەد خۇزەرىي بېك: «الدولة العباسية»، 130 ـ 131 ـ، 193 ـ 204 ـ بەتلەر، «مؤسسة المختار»، قاھىرە، 2003 ـ يىلى نەشرى؛ ئەلي مۇھەممەد سەللابىي: «نور الدين محمد زنكي»، 177 ـ 204 ـ بەتلەر، «مؤسسة اقرأ»، قاھىرە، 2007 ـ يىلى نەشرى.
[2] بۇخارىي، ئىمان، 53 ـ ھەدىس.
[3] ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئۆمەر ئەددەمامىينىي: «مصابيح الجامع الصحيح» (سەھىيھۇلبۇخارىي شەرھىسى)، 1 ـ جىلد، 214 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھامىد ئابدۇللاھ ئەلمەھەللاۋى، «دار الكتب العلمية»، بېيرۇت ـ لىۋان، 1971 ـ يىلى نەشرى؛ ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «فتح الباري»، 1 ـ جىلد، 277 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: شۇئەيب ئەرنائۇت، ئادىل مۇرشىد، «دار الرسالة العالمية»، بېيرۇت، 2013 ـ يىلى نەشرى.
[4] ئەينى ئەسەر، 1 ـ جىلد، 227 ـ بەت.
[5] خەتىب ئەلباغدادىي: «تاريخ مدينة الإسلام» (باغدات تارىخى)، 16 ـ جىلد، 361 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتۇر بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف، «دار الغرب الإسلامي»، 2001 ـ يىلى نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئانامنىڭ ھامىلىقىدا چوڭ بولغان بىر يېتىم بالا ئىدىم. ئوقۇش خىراجىتى تۆلىيەلمەيتتىم. ئۇستازىم يوق چاغدا كىچىك بالىلارغا قاراپ، ئۇنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتسەم مەندىن ئوقۇش راسخوتى ئالماسلىققا ماقۇل بولغان»[1]. ئىمام شافىئىي ياشلىق مەزگىلىدە مۇھەممەد ھەسەن شەيبانىينىڭ ئىلىم سورۇنىغىمۇ قاتناشقان. ئىمام مۇھەممەد ئۇنىڭ ئىلمىي تالانتىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ئۆزلۈكسىز ياردەم قىلىپ تۇرغان[2].

## ئىسلام تارىخىدا ئۆلىمالارنىڭ ئۆز دەۋرداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقى:

ئۆلىما-ئۇستازلارمۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە ساۋاقداشلىرىغا پات-پات ياردەملەرنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە تالىپلارغا ياردەم بېرىش بىلەن مەشھۇر بولغان ئالىملاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتى ئەبۇ يۈسۈف بىلەن بولغان قىسسەسىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. مىسىرنىڭ داڭلىق ئىمامى لەيس ئىبنى سەئد ئىلىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاچ تىجارەتمۇ قىلىدىغان بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى دەۋرداشى ئىمام مالىكنىڭ پۇتۇن ۋاقتىنى ھەدىس ۋە فىقھە ئىلمىنى ئۆگىتىشكىلا ئاجرىتسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى قامدىشىغا مۇقىم مائاش ئەۋەتىپ تۇراتتى[3].

ئىمام زەھەبىينىڭ ھەرمىلە ئىبنى يەھيا ئەلمىسرىيدىن نەقىل قىلىشىچە، لەيس ئىبنى سەئد ئىمام مالىكقا ھەر يىلى يۈز دىنار (تەخمىنەن 15 مىڭ دوللارغا تەڭ) ئەۋەتىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئىمام مالىك لەيس ئىبنى سەئدكە قەرزدار بوپقالغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يازغاندا لەيس ئۇنىڭغا بىر قېتىمدىلا 500 دىنار (تەخمىنەن 75 مىڭ دوللارغا تەڭ) ئەۋەتىپ بەرگەن[4].

شۇنداقلا، تۇنىستىكى مالىكىي مەزھىبىي پېشۋالىرىدىن ئەبۇ زەيد قەيرەۋانىيمۇ ئۆز دەۋرداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلاردىن بىرى ئىدى. ئەبۇ زەيد دەبباغ ئەلئەنسارىي «مەئالىمۇل ئىيمان» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ زەيد قەيرەۋانىينىڭ تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ خىراجىتىنى قىلىپ، كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان. جۈملىدىن ئەبۇ زەيد قەيرەۋانىي يەھيا

[1] ئىمام شافىئىي: «الأم»، 1-جىلد، 6-7-بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: رىفئەت فەۋزىي ئابدۇلمۇتتەلىب، «دار الوفاء»، مەنسۇرە، 2001-يىلى نەشرى.
[2] ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىيب ئەلماۋەردىي: «الحاوي الكبير»، مۇقەددىمە، 10-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: شەيخ ئەلىي مۇھەممەد مۇئەۋۋەز، شەيخ ئادىل ئەھمەد ئابدۇلمەۋجۇد، «دار الكتب العلمية»، بېيرۇت-لىۋان.
[3] ئىبنى كەسىير: «البداية والنهاية»، 10-جىلد، 578-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي، «دار هجر»، 1998-يىلى نەشرى.
[4] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 8-جىلد، 148-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد نەئىيم ئەرقسۇسىي، «مؤسسة الرسالة»، بېيرۇت، 1982-يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىبنى ئابدۇللاھ مەغرىبىي قەيرەۋانغا كەلگەن چېغىدا ئۇنىڭغا 150 دىنار ئەۋەتىپ بەرگەن. ھەمساۋاق دوستى قازى ئابدۇلۋەھھابنىڭ باغداتتا قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا 1000 دىنار (تەخمىنەن 150 مىڭ دوللارغا توغرا كېلىدۇ) ئەۋەتىپ بەرگەن[1].

ئەبۇ ھەسەن نىيسابۇرىيمۇ ئۆز دەۋرداشلىرىنىڭ ۋە تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان ئالىملاردىن بىرى بولۇپ، ئىمام زەھەبىي «تەزكىرەتۇل ھۇففاز» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى «تىجارەتچى ئىماملاردىن بىرى» دەپ تەرىپلەپ، ئىلىم يولىدىكىلەرگە كۆپ ياردەم قىلاتتى، دېگەن[2]. خەتىب ئەلباغدادىيمۇ ئىلىم ئەھلىلىرىگە كۆپ ياردەم قىلىدىغانلاردىن بىرى بولۇپ، تاجۇددىن سۇبكىي «تەبەقات» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ھەققىدە: «خەتىب ئەلباغدادىي تالىبۇل ئىلىملەرگە كۆپ ياردەملەرنى قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارغا كۆپ ئالتۇن پۇللارنى بېرەتتى» دېگەن[3]. شۇنداقلا ئىمام زەھەبىي مەشھۇر تارىخشۇناس ئىززۇددىن ئىبنى ئەسىرنىڭ ئۆيىنىڭ تالىپلارنىڭ پاناھگاھى بولغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ[4]. مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئىززۇددىن ئىبنى جەمائەنىڭ ئىلىم يولىدىكىلەرگە كۆپ ياردەملەرنى قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[5].

## ئىسلام تارىخىدا مائارىپ ياردىمىنىڭ مۇئەسسەسەلىشىشى

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەش ئىسلام مەدەنىيىتىدە كەڭ كۆلەمدە تارقالغان بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى خىلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا تالانتلىقلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش ئەنئەنىسى بىلەن تونۇلغان ئىدى. ئەينى دەۋردە ئىلىم يولىدىكى كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ شەرەپلىك ئىش ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، تىجارەتچىلەر، ئۆلىمالار ۋە ھەر قايسى مەزھەب ۋە مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر بۇ ئىشنى بەس-بەستە تالىشىپ قىلاتتى. ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە خېلى بۇرۇنلا بىر مەدەنىيەتكە ئايلانغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئەڭ چوڭ ياخشى ئىش دەپ قارىلىپ، ئاشكارا ۋە مەخپىي يوسۇندا ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىدىغان كەيپىيات خېلىلا جانلانغان.

ئىسلام تارىخىدىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياردەم بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە

[1] ئىمام مازۇرىي، ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەلىي ئىبنى ئۆمەر: «المعلم بفوائد المسلم»، 1-جىلد، 15-16-بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد شازىلىي ئەسسەنفەر، «دار التونسية»، تۇنىس، 1987-يىلى نەشرى.
[2] ئىمام زەھەبىي: «تذكرة الحفاظ»، 3-جىلد، 222-226-بەتلەر، «دار الكتب العلمية»، بېيرۇت-لىۋان، 1998-يىلى نەشرى.
[3] ئىمام سۇبكىي: «طبقات الشافعية الكبرى»، 4-جىلد، 34-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد ئەلھۇلۇۋ، مەھمۇد مۇھەممەد ئەتتەنناھىي، «دار إحياء الكتب العربية»، 1964-يىلى نەشرى.
[4] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 22-جىلد، 354-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف، مۇھيىي ھىلال سەرھان، «مؤسسة الرسالة»، بېيرۇت، 1985-يىلى نەشرى.
[5] ئىمام سۇبكىي: «طبقات الشافعية الكبرى»، 10-جىلد، 46-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد ئەلھۇلۇۋ، مەھمۇد مۇھەممەد ئەتتەنناھىي، «دار إحياء الكتب العربية»، 1964-يىلى نەشرى.

قۇرۇلغان مەشھۇر مۇئەسسەسەلەردىن بىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغداتتىكى «مۇستەنسىرىيە» مەدرىسەسىگە ئاجرىتىلغان ياردەم تۈرى بولۇپ، مەزكۇر مەدرىسەنىڭ قۇرۇلۇشى ھىجرىيە 625-يىلى (مىلادىيە 1228-يىلى) باشلىنىپ، ھىجرىيە 630-يىلى (مىلادىيە، 1234-يىلى) جەمادىلئاخىر ئېيىدا (ھىجرىيە 656-يىلى باغدات مۇئغۇللارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچراشتىن ئازراق ئىلگىرى) تاماملانغان. بۇ مەدرىسەدىكى ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارنىڭ مائاشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك چىقىملىرى ئۈچۈن غايەت زور مىقداردا ۋەخپە مېلى تەسىس قىلىنغان. ئىمام زەھەبىي (ھىجرىيە 748-يىلى ۋاپات بولغان) بۇ مەدرىسەگە ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى 900 مىڭ ئالتۇن دىنار (تەخمىنەن 150 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا) دەپ مۆلچەرلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پۈتۈن دۇنيادا دىمەشىق جامىيسىنىڭ ۋەخپىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇستەنسىرىيە مەدرىسەسى ۋەخپىگە تەڭ كېلىدىغان بىرەر ۋەخپە بارلىقىنى بىلمەيمەن»[1].

دەۋرىمىزدە مەيلى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بولسۇن ياكى باشقا ئەللەردە بولسۇن، تۈرلۈك ئوقۇش ياردەم مۇئەسسەسەلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ھەر قايسى ساھەلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلار كۈنسېرى كۆپىيىمەكتە. مەسىلەن، «ئوكسفورد لۇغىتى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» دېيىلىدىغان ياردەم تۈرىمۇ شۇلاردىن بىرى بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە بېرىلىدىغان بۇ مۇكاپات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە لاياقىتىگە قارىتا بېرىلىپ كەلمەكتە. بىرىنچى دۇنيا ئەللىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش يولىدىكى كەسكىن رىقابەتلىرىگە شاھىت بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاكادېمىك ساھەگە قەدەم قويغانلار ئارىسىدىكى رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن بولماقتا. بۇ ياردەملەر ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى ئورگانلار تەرىپىدىن غايەت زور مەبلەغلەر ئاجرىتىلىدى. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان يىللىق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى 46 مىليارد دوللارغا يېتىدۇ.

شۇڭداقلا تۈرك ئەللىرى ئىچىدىمۇ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش تۈرلىرى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھازىر بۇ خىل ياردەم تۈرلىرى خېلىلا كۆپ. مەسىلەن، تۈركىيە ئىچىنى ئېلىپ ئېيتساق، مائارىپ ساھەسىدىكى ئوقۇغۇچى ۋە ھەر قايسى ساھەلەردىكى تەتقىقاتچىلارنى ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، خۇسۇسىي جەمئىيەتلەر، ھەتتا شەخسلەر ساناپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ. تۈركىيە تەۋەلىكىدە

[1] ئىمام زەھەبىي: «تارىخ الإسلام»، 46-جىلد، 6-8-بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەر ئابدۇسسالام تەدمۇرىي، «دار الكتاب العربي»، بېيرۇت-لىۋان، 1998-يىلى نەشرى.

ماھارەتلىك ساھەسىگە بېرىلىدىغان يارەملەر ھەرخىل تۈرلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇ يارەملەرنىڭ ئىچىدە ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلسە، يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاكادېمىكلارغا بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ يارەمنىڭ ئىچىدە ئائىلىسىدە مىيىپ ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىرەر كىشى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغانلىرىمۇ، ئائىلە ئەزالىرىدىن ئەسكەرلىكتە قازا قىلغانلار بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغانلىرىمۇ بار. يەنە مەلۇم تۈردە ئۈستۈن قازانغانلارغا بېرىلىدىغان ياكى ھەر قانداق بىر ئىلمىي نەتىجە ياراتقانلارغا بېرىلىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ خىل يارەملەرنىڭ ماھارەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىلىرى سەل قارىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زور بولۇپ، ئىلىم ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ كەسكىن رىقابەت بىلەن توختىماي ئىلگىرىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

## ھەرخىل شەرتلىك ئوقۇش مۇكاپاتلىرى

ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئوقۇش يارەم پۇلى پەقەت مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارغىلا چەكلىنىپ قالماستىن، مۇسۇلمان دۆلىتىدە ئوقۇيدىغان باشقا دىن مەنسۇپلىرىغىمۇ بېرىلەتتى. ئىمام زەھەبىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھىجرىيە 6-ئەسىردە ئۆز دەۋرىنىڭ «بۇقراتى» دەپ نام ئالغان ئەمىنۇددەۋلە ئىبنى تىلمىز ئەلباغدادىي مېدىتسىنا ئىلمىدە شۆھرەت قازانغان كىشى بولۇپ، تالىبۇل ئىلىملەرگە ۋە باشقا ياقا يۇرتتىن كەلگەن غەيرى دىندىكى ئوقۇغۇچىلارغا 20 مىڭ دىنار (تەخمىنەن 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كېلىدۇ) خىراجەت قىلىپ بەرگەن[1]. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئۆيى باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسەسىگە قوشنا بولۇپ، مەدرىسەدىكى ئۆلىما ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسى ئاغرىق-سىلاق بوپقالسا، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋېلىپ ھەقسىز داۋالىغاندىن سىرت، ئۆزىتىپ قويىدىغان ۋاقىتتىمۇ قولىغا مەلۇم مىقداردا پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى نەقىل قىلىنغان[2].

ئىسلام تارىخىدا بۇ خىل يارەملەر بەزىدە ئوقۇش مۇكاپاتى «ئىلمىي تەتقىقات ياردىمى» دېگەن نام بىلەن بېرىلەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇكاپاتنىڭ سوممىسى ۋە تۈرى ئىلمىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە مەزھەبتىكى ئورنىغا قارىتا پەرقلىق بولاتتى. ئىمام زەھەبىينىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئەييۇبىيلار سۇلتانى مۇئەززەم ئىبنى ئادىل ھەنەفىي مەزھىبىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ «المفصل» ناملىق كىتابنى بىر

[1] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 38-جىلد، 321-324-بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەر ئابدۇسالام تەدمۇرىي، «دار الكتاب العربي»، بېيرۇت-لىۋان، 1995-يىلى نەشرى.
[2] ئىبنى خەللىكان: «وفيات الأعيان»، 6-جىلد، 77-بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىھسان ئاببىاس، «دار صادر»، بېيرۇت.

قىتىم ئوقۇپ چىققانلارغا 100 دىنار، «الجامع الكبير» ناملىق كىتابنى بىر قىتىم ئوقۇپ چىققانلارغا 200 دىنار مۇكاپات بېرەتتى[1].

ھەمەۋى ھافىز ئەبىي سالىھ نىيسابۇرىينىڭ قەدىمىي ئەسەرلەرنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىنغانلىقىنى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ ۋەخپىسگە مۇتەۋەللىي بولغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھاپىز ئەبۇ سالىھ ئوقۇغۇچى ـ ئۇستازلارنى كىتاب، سىياھ دېگەندەك لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان ئىكەن[2].

ئەمما بۇگۈنكى كۈندە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئاجرىتىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىتتا بىر قاتار شەرتلەر قويۇلىدىغان بولۇپ، مەيلى ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، مەزكۇر شەرتلەرگە توشمىغانلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەسىلەن، بەزىدە دىن ياكى مەزھەبنىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ ئوقۇش ياردىمىنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. لېكىن ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىدە يولغا قويۇلغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ياردەملىرىدىن ئاساسەن ھەممەيلەن بەھرىمەن بولالايدىغان بولۇپ، ياردەم ئۈچۈن ھازىرقىدەك بىر قىسىم شەرتلەر قويۇلمايتتى.

## ۋەخپە تېپىدىكى ياردەملەر

ئىبنى كەسىر ئۇستازى ئىمام زەھەبىيدىن نەقىل قىلىشىچە، ھىجرىيە 160 ـ يىلى بىنا قىلىنغان ئەمەۋى جامىيسىنىڭ غەربىي قۇببىسىدە تالىبۇل ئىلىملەرگە ۋەخپە قىلىنغان كۆپلىگەن كىتابلار بار بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر قانداق ئوقۇغۇچى پايدىلىنالايتتى[3]. ئەبۇل قاسىم مۇسلىي (ھىجرىيە 323 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بىر كۇتۇپخانا سالدۇرغان بولۇپ، ئۇنى «دارۇل ئىلىم» دەپ ئاتىغان. كۇتۇپخانىغا ھەر ساھەدىكى قىممەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللارنى يىغىپ، ھەممىسىنى تالىبۇل ئىلىملەرگە ۋەخپە قىلىۋەتكەن[4]. سەلجۇقىيلار سۇلتانى مەلىكشاھ (ھىجرىيە 485 ـ ۋاپات بولغان) ناھايىتى چوڭ تىپتىكى بىر كۇتۇپخانا سالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەخپە قىلغان. تارىخىي مەنبەلەردە نەقىل قىلىنىشىچە، كۇتۇپخانىدا ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان. مەزكۇر كۇتۇپخانىلار ھەر ۋاقىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇ جايغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ تۈرلۈك مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[5]. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى، دوختۇرخانىلاردىكى

[1] زەينۇددىن قاسىم ئىبنى قۇتلۇبۇغا: «تاج التراجم»، 226 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد خەير رامازان يۇسۇف، «دار القلم»، دىمەشىق ـ بېيرۇت، 1992 ـ يىلى نەشرى.
[2] ئىبنى ئەساكىر: «تاريخ مدينة دمشق»، 71 ـ جىلد، 280 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھىببۇددىن ئەبىي سەئىد ئۆمەر ئىبنى غەرامە ئەلئەمرەۋى، «دار الفكر»، بېيرۇت ـ لىۋان، 2001 ـ يىلى نەشرى.
[3] ئىبنى كەسىير: «البداية والنهاية»، 12 ـ جىلد، 600 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن تۈركىي، «دار هجر»، جىيزە، 1998 ـ يىلى نەشرى.
[4] مۇستافا سىبائىي: «من روائع حضارتنا»، 249 ـ بەت، «دار الوراق»، بېيرۇت، 1999 ـ يىلى نەشرى.
[5] بەست ئىبنۇل جەۋزىي: «مرآة الزمان في تواريخ الأعيان»، 18 ـ جىلد، 389 ـ 390 ـ بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:

دوختۇر ۋە بىمارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن دوختۇرخانىلارغىمۇ نۇرغۇن تىببىي كىتابلار ۋەخپە قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر كىتابلارنى ئوقۇپ، چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان خادىملارمۇ تەيىنلەنگەن. بۇ ھەقتە تۈگىمەس ھېكايىلەر بار بولۇپ، ئوقۇش مۇكاپاتى سۈپىتىدە تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەخپە قىلىنغان قورۇلۇشلارنىڭ كۆپلۈكى ھەم سەرخىللىقى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن مائارىپ ياردىمى ئىچىدە مەسچىتلەردىن ئايرىم مەدرىسەلەرنى سېلىش ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش ئىشلىرى خېلىلا ئومۇملاشقان. مائارىپ ئىشلىرىنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قوللىغاندىن سىرت، شەخسلەر ۋەخپە قىلىش، مال ـ مۈلكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ۋەخپىگە ئاتاش دېگەندەك شەكىللەر بىلەن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ كەلگەن. نىسابۇردىكى «بەيھەقىي مەدرىسەسى» ۋە «سەئدىيە مەدرىسەسى» ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان مەدرىسەلەر بولۇپ، مەزكۇر مەدرىسەلەرنىڭ بۇرۇنقى مەدرىسەلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپى بۇ مەدرىسەلەر ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا مەسچىتلەردىن مۇستەقىل ئىدى. بىر قىسىم تارىخشۇناسلار سەلجۇقىي خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان «نىزامىيە مەدرىسەسى»نى ئىسلام دۇنياسىدا مەسچىتتىن ئايرىم سېلىنغان تۇنجى مەدرىسە دەپ قارايدىغان بولسىمۇ، ئىمام سۇبكىي قاتارلىق يەنە بىر قىسىم تارىخچىلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى مەدرىسەنىڭ «نىزامىيە مەدرىسەسى»دىنمۇ بۇرۇن بىنا قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[1].

«نىزامىيە مەدرىسەسى»نىڭ ئەڭ مەشھۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ ئوقۇغۇچى ۋە ئۇستازلارغا ئايلىق ئوقۇش پۇلى ۋە تەمىنات بېرىشنى يولغا قويغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىلىم يولىدىكىلەرنى تېخىمۇ تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىدۇر. بۇ مەدرىسەنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئۇستازلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ۋەخپە قىلغان نۇرغۇن مال ـ مۈلكى بار ئىدى. ئىبنى سالاھ «تەبەقاتۇششافىئىييە» ناملىق كىتابىدا مۇشۇ مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ ۋەخپىلىرى ھەققىدە توختالغان[2]. ئىمام زەھەبىيمۇ ئىبنى سالاھنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى كۈچلەندۈرگەن[3].

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار مائارىپنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماستىن، ماددىي جەھەتتىنمۇ

مۇھەممەد ئەنەس ئەلخىنن، كامىل مۇھەممەد خەررات، «دار الرسالة العالمية»، دىمەشق، 2013 ـ يىلى نەشرى.

[1] مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ زەركەشىي: «إعلام الساجد بأحكام المساجد»، 32 ـ 33 ـ بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇلۋەفا مۇستافا مەراغىي، «وزارة الأوقاف»، قاھىرە، 1996 ـ يىلى نەشرى.

[2] ئىبنى سالاھ: «طبقات الفقهاء الشافعية»، 1 ـ جىلد، 446 ـ 450 ـ بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھيىددىن ئەلىي نەجىيب، «دار البشائر الإسلامية»، بېيرۇت ـ لىۋان، 1992 ـ يىلى نەشرى.

[3] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 19 ـ جىلد، 94 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچى: شۇئەيب ئەرنائۇت، «مؤسسة الرسالة»، بېيرۇت، 1984 ـ يىلى نەشرى.

ناھايىتى كۆۋرۈك بولۇپ كەلگەن. مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ھەر ساھە ۋە ھەر قاتلام ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئىسلام دۇنياسى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىلىم مەرىپەت مەركىزىگە ئايلانغان. ئوتتۇرا شەرقتە باغداد، ياۋروپادا ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) ۋە قۇرتۇبە، ئوتتۇر ئاسىيادا سەمەرقەند ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلار ئىلىم-مەرىپەت مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ ئىككىنچى ئۇمەييە دۆلىتى دەۋرىدىكى ئەندۇلۇس، قۇرتۇبە قاتارلىق رايونلاردىكى مەدرىسەلەر ياۋروپانىڭ ئىلمىي ئويغىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە ئىگە دۆلەتلەردىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم-مەرىپەت پائالىيەتلىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىپ، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئىلىم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ئىلىم ئېلىشنى ئىسلامدىكى ئەڭ چوڭ پەرزلەردىن بىرى دەپ قارىغانلىقى بولسا، يەنە بىر سەۋەبى مائارىپ ئىشلىرىغا ماددىي جەھەتتىنمۇ ياخشى شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق ئىلمىي تەرەققىياتقا ئالاھىدە كۆۋرۈك بولغەنلىكىدۇر. مۇسۇلمانلار ئىلىم ئېلىشنى پەرز دەپ بىلگىنىدەك، ئىلىم يولىغا ئاتلانغانلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشنىمۇ ئوخشاشلا پەرز، دەپ قاراپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار يا ئۆزى ئوقۇيتتى ياكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشنى سۈناتتى. بۈگۈنكى كۈندە مەيلى غەرب دۇنياسىدىكى، مەيلى بىرىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار ماھىيەت جەھەتتە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنتۇپ كېتىلگەن ئەنئەنىلەرنى قەدىرلىگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ يولىدىكى تۆرلۈك ماددىي ھەم مەنىۋى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالماقتا. غەرب ئەللىرىدە مائارىپ ساھەسىدىكى بۇ خىل قىيىنچىلىقلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە ھەر خىل فوندلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىنىپ كەلمەكتە. ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار ئىلگىرىكى شان-شەرىپىنى قايتۇرۇۋالىمىز دەيدىكەن، چوقۇم ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مائارىپقا ھەر قايسى جەھەتتىن ئالاھىدە كۆۋرۈك بولۇشى تەخىرسىز مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.




«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1].

دۇنيادا ھەممىمىزنىڭ مەيلىنى جەلپ قىلىپ، ھېس-تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايدىغان ماددىي-مەنىۋى نۇرغۇن شەيئىلەر بولغىنىدەك، ۋاز كېچەلمەيدىغان سۆيۈملۈكلىرى، كۆڭۈل بەرگەن سىرداشلىرى، ياخشى كۆرگەن يېمەك-ئىچمەك، ئۆي بىساتلىرى، باغۇ-بوستان سەيلىگاھلىرى، ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلىرى، ماقام-مەنسەپ ۋە نام-ئابرۇيلىرى بولىدۇ. بۇ شەيئىلەر ئادەتتە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە نەپسانىيىتىنىڭ خاھىشىدىن ئىبارەت يوقلۇقى ھەسرەت، مولچىلىقئىمتىھان، خاراكتېرى ياخشى-يامان، ئىككى بىسلىق ھايات زۆرۈرىيەتلىرىدىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلاردىن مۆرىتى كەلگەندە ئۆزى ئىشىنىپ، كۆڭۈل بەرگەن دەۋاسى ئۈچۈن ئۇلارنى ئىككى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئىتتىرىشتەك ئالىي پىداكارلىق روھىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقى غايە-مەقسەت قىلىنغان دەۋا يولىدا تۆلەنگەن ھەرقانداق بەدەل ۋە قىلىنغان ھەرقانداق ياخشى ئىش-ئەمەل قىلچە زايە بولۇپ كەتمەيدۇ[2]. ياخشى

[1] سۈرە بەقەرە، 214-ئايەت.
[2] «ان الله لايضيع أجر المحسنين»، «چوقۇمكى ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ».

ئىش ـ ئەمەل ۋە ئىرىشچانلىق ھەقىقىي مۇئمىننىڭ ساداقەتمەنلىكىنى كۆرسەتىدىغان قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق روھىنى ئۆستۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر. بۇ مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە نۇقتىسىنى ئىخلاس ۋە سەممىيەت تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ياكى قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكىتىدە قانچىلىك سەممىي ۋە ئىخلاسمەن بولسا، قەلبىدىكى مەنىۋى باياشاتلىقى ھەم شۇنچە چوڭقۇر ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىراتىنى ھاياتىدا ئەمەلىي ياشاپ كۆرگەنلەر ئەڭ ياخشى ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەر پەقەت دەۋا يولىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن قۇربان بەرگەن، سەممىيلىك بىلەن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئاۋانگارت مۇئمىنلەرگە خاس ئالاھىدىلىكتۇر. ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ نامايەندىسى، ئەسلىدە جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پىرىنسىپ ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىش خاراكتېرىغا ئىگە، روھى ساغلام، ئەقلى سەلىم، كامالەت ساھىبقىرانلىرىنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا جەۋلان قىلىدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە: «... جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن...»[1] دېيىلگەن. بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئىمانى تېخى قەلبىگە بېكىمگەن كىشىلەر ئۈچۈن، دەۋا يولىدا بەدەل تۆلەش نەقەدەر قىيىن ۋە ئىمكانسىز بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەقىقەتەن بۇنداق كىشىلەرگە ۋەزىپە تاپشۇرۇش، سەپەرۋەرلىك تەلەپ قىلىش ئۇلارغا نىسبەتەن تاغنى يۆتكەشنى تەلەپ قىلغاندىن ئېغىر كېلىدۇ. ئۇلارغا ۋەزىپىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە قانچە چۈشەنچە بەرسەڭ، ئۇمىتسىزلىكى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ. گاڭگىراشتا نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ. ئىمانى كامالەتكە يەتكەن ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدىغان ئىش ـ ئەمەللەرگە سەپەرۋەر بولۇشقا ئالدىرايدۇ. ھەرقانداق بەدەل ۋە پىداكارلىقلاردىن باش تارتمايدۇ. چۈنكى پىشقان مۇئمىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئالىي بۇرچى بىلىدۇ.

ساھابە كىراملار بۇ خوسۇستا ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، قېرى ـ ياش ھەممىسى ئىنتايىن ئىلغار ۋە تولىمۇ سەۋىيەلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار مەزكۇر ئاڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە تارىخنىڭ رىتىمىنى ئۆزگەرتكەنتى. «ئۇممۇ ھەبىبە» ـ ئۇ، ئەبۇ سۇفياننىڭ قىزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئىدى. ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ بىر ئىلتىماسىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قىزى ئۇممۇ ھەبىبىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنتى، ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوق ئىدى، ئەبۇ سۇفيان تېخى مۇسۇلمان ئەمەستى،

[1] سۈرە مۇھەممەد، 20 ـ ۋە 21 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا ئۇ ئىشىكنى چەكمەستىنلا ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەلگەنتى. ئۇممۇ ھەببە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك خانىسىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن كىشى، گەرچە ئۇ ئۆز دادىسى ـ ئەبۇ سۇفيان ـ بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغانتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ سۇفيان ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك خانىسىغا بىرىپ ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ئۇممۇ ھەببە بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى ـ دە، دەرھال دادىسى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ: «دادا!... سىنىڭ بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشۇڭ توغرا ئەمەس» دېدى؛ ئەبۇ سۇفيان قىزىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ھەيران بولۇپ: «قىزىم سەن مېنى بۇ ئورۇندىن قىزغىنىۋاتامسەن ياكى بۇ ئورۇننى مەندىن قىزغىنىۋاتامسەن؟» دېگەندە، ئۇممۇ ھەببە: «بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى، سەن (تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن) ناپاك ھېسابلىنىسەن، بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇش ئەمەس، ھەتتا تۇتۇپ سىلىشىڭغىمۇ بولمايدۇ»، دېگەنتى. چۈنكى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ ھۆكمى بويىچە نىجىس ئىدى. مانا جاسارەت مانا ساداقەت مانا پىداكارلىق... بىر ئايال چېغىدا ـ شۇ دەۋردىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان ئۆزىنىڭ دادىسى تۇرۇقلۇق، ـ ئىسلامنىڭ ھۆرمىتىنى، قۇرئاننىڭ پرىنسىپىنى، پەيغەمبەرنىڭ شەرىپىنى قوغداش يولىدا دادىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياغ ئاستىغا ئېلىپ، پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ھەيران قالماي تۇرالمايمىز. دېمەك، دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىغا، كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىگە بولغان ساداقىتى، پىداكارلىقى ۋە جاسارىتى شۇ دەرىجىدە يۈكسەك ۋە ئاڭلىق ئىدى.

ئەينى چاغدا، زەيد ئىبنى دەسىنە ئىسىملىك بىر ساھابىگە «سېنى ھازىر قەتل قىلمىز؛ ئەگەر ئورنۇڭدا مۇھەممەدنى قەتلى قىلىپ، سېنى ئەھلى ـ ئەۋلادىڭنىڭ يېنىغا قويۇۋېتىشقا توغرا كەلگەندە، قانداق قىلاتتىڭ؟» دېيىلگەندە، ئۇ زات قاتتىق غەزەپلىنىپ، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن: «ھېلىغۇ مېنىڭ بىر جېنىم بار، مىڭ جېنىم بولۇپ، ھەممە جېنىم قۇربان بولغاندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر تال مويىغا زىيان ـ زەخمەت يېتىشىنى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئورنۇمغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا ۋە قەتئىي خالىمايمەن» دېگەن ۋە شېھىت بولۇپ، ساداقىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدەك سەئىد ئىبنى رەبى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھىش، سۇمەييە ۋە نۇسەيبە قاتارلىق نۇرغۇن سادىق قەھرىمان ئابىدىلىرىنىڭ پىداكارلىقى تارىخىي كىتابلاردا تىللارغا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

شۇنداق، مانا كۆنىمىزدە مەزكۇر روھ ۋە ئىدراك سىڭگەن، پىداكارلىق ئېڭىغا مەنسۇپ بىر تۈركۈم ئاۋانگارتلار يېتىلمەي تۇرۇپ، بېشىمىزدىكى بۇ زۇلۇم ۋە خورلۇق كەتمەيدۇ. ئىسلام ئالىمىنىڭ بۇ بىر قانچە ئەسىردىن بېرى بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرنىڭ

ھەممىسى، ئەسلىدە بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋا يولىدا قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى يېتىلمىگەن خام ئەرۋاھ كىشىلەردىن بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ئومۇمەن ئىسلام تۇپراقلىرىدىكى تەشكىلسىزلىككە، ئادالەتسىزلىككە قارشى نىسپىي قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بولۇپ كەلگەنمۇ بولدى، لېكىن بۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلىپ-بىلمەي دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئاشقۇنلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزدى. ھەقىقەتەن بۇ تۈرلۈك يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلىرىمىز تامامەن بىپەرۋا، بىغەم ۋە دەرتسىزدۇر. ئۇلار ھاياتىدا بىر قېتىممۇ بولسىمۇ دىنى، ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن ئاچلىق، سۇسىزلىق دەردى چېكىپ باقمىغان، يۇرتىنى، ئائىلىسىنى نەپسىدىن ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ باقمىغان، ئۆتكۈنچى ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىر قىسىم قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەر ئالدىدا سىناقتىن ئۆتەلمىگەن، خام روھ ۋە بىپەرۋا ناتەۋانلاردۇر.

پىداكارلىق ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىنى قويۇپ، ئومۇمنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغان دەرىجىدە يېتىلگەن روھلار بىلەن كامالەت تاپىدۇ. ئەكسىچە، ھەرقانداق پىداكارلىق دەۋاسى ئالدامچىلىق ۋە خەلقنى ئەخمەق قىلىشتىن ئىبارەت ساختا سۆلەتتۇر.

پىداكارلىق ھەرقانداق بىر دەۋا مەنسۇبىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. پىداكارلىقنى باشتىلا ئۆزىنىڭ ئاساسلىق غايىسى قىلمىغان كىشىلەر قەتئىي دەۋا ئادىمى بولالمايدۇ. دەۋا ئادىمى بولمىغان ياكى ھەقىقىي مەنىدە دەۋاغا سەۋدالانمىغان كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئۈنۈملۈك نەتىجە كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇنداق، بىز كېرەك بولغاندا مېلىنى، جېنىنى، ئەھلى-ئەۋلادىنى ماقام-مەنسەپ ۋە شان-شەرىپىنى، شۇنىڭدەك بارلىق دۇنيالىق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزى ئىشىنىپ كۆڭۈل بەرگەن دەۋاسى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغانلارنىڭ داۋان ئېشىپ، مەنزىلگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغان چېغىدا، باشتا ئۆزىدىن باشلاپ دەۋاغا كۆڭۈل بەرگەن پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە پىداكارلىق روھىنى سىڭدۈرگەن. ئالدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ئۆزىنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى دەۋا يولىدا سەرپ قىلغان. ئانىمىز خەدىچە ئىسلامدىن بۇرۇن مەككىنىڭ ئەڭ زەردار بايلىرىدىن بىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاپات بولغاندا كېپەنلىك قىلغۇدەك ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى مەلۇم.

كۈنىمىزدىكى دەۋا ساھىبلىرىمۇ، داۋاملىق ئەڭ يۇقىرى پەللىنى قولدىن بەرمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ ساھابى كىراملار تەربىيىدىن ئۆلگە قىلىنغان مەزكۇر يۈكسەك پىداكارلىق ئېڭىنى ئۆزلىرىنىڭ ھايات يولىدا ماياكلاشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

قاچانكى بىزدە ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇشىنى باشقىلارنىڭ قۇتۇلۇشىغا تەقدىم قىلالايدىغان، باشقىلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتىنى ئىككىلەنمەي قۇربان قىلالايدىغان، پۈتۈن ھال-ھەرىكىتىنى روھىي مەپكۇرىسى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قۇچاق ئاچالايدىغان پىداكار ۋە شەپقەت ئابىدىلىرى كۆپلەپ يېتىلگەندە، ئاندىن بىزنىڭ شۇ بىر قانچە ئەسىرلىك چېكىنىش، چۈشكۈنلۈك ۋە خار-زەبۇنلۇقتىن ئىبارەت تىراگېدىيەلىك ئەلەملىرىمىز تېنىدۇ؛ بەلكىدە دۇنيا قايتىدىن يەنە ئۆز مەركىزىگە قايتىدۇ. شۇ چاغدا ئاندىن بۇنچە ۋاقىتتىن بېرى زاۋاللىقتا قالغان ئاۋارە روھلارغا ئۆرنەك بىر ئابىدە قەد كۆتۈرىدۇ.

بىزنىڭ داۋاملىق تۇختىلىدىغىنىمىز، باشقىلارنى ياشىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلالايدىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلاشقان، دەۋا يولىدا قەلبى «سەممىيەت ۋە ۋاپادارلىق» دەپ سوقىدىغان، ھېچ قانداق بىر دۆھەر سەركىلىرى ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلمەيدىغان ئۈستۈن روھ ساھىبلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ يېتىلىپ بارلىققا كېلىشى ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان شۇنداق بىر كۈچلۈك دولقۇن ۋە سەپەرۋەرلىك توپانى قوزغىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئەزاسى قەيەردە بولسا بولسۇن، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش مەركىزىگە ئايلىنىشى، كىم بولسا بولسۇن ئۇ رەببانىيلەر قوشۇنىغا قېتىلىش ئىشتىياقى بىلەن پۇچۇلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئۇلار شۇنداق ھەقىقىي پىداكار رەببانىيلاركى، نام-شۆھرەتنىڭ نېمىلىكىنى، ماقام-مەنسەپنىڭ لەززەتلىك سېزىمىنى ئۆزلىرى ئىشىنىپ كۆڭۈل بەرگەن دەۋانىڭ يالقۇنلۇق تەپتى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، تازىلانغان ساپ ۋە سۈزۈك روھلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى «مەنلىك» تۇيغۇلىرىنى شامدەك ئېرىتىپ، ئىخلاس، سەممىيەت ۋە ساداقەت نۇرىدا جۇملە جاھاننى يورۇتۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ زەررە قەدەر ھەسسىسى بارلىقى چۈشىگىمۇ كىرىپ قالمايدۇ. ئۇلار داۋاملىق: «يول ياساش بىزگە، راھەت يۈرۈش باشقىلارغا، ئەمگەك ۋە تىرىشچانلىق بىزدىن، مول-ھوسۇل ۋە نەتىجە باشقىلارغا...» دېگەن ئاڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. مېنىڭچە ئۇلارنىڭ بۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇ بىر قانچە قۇر سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بولۇش مۇمكىن بولمىسا كېرەك!

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئۇمۇمنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە، پىلانلانغان

يەككە هەرىكەت، يەككە ئەمگەك ۋە پىلان-پروگراملار نەتىجىسىز ۋە توغماس قالغىنىدەك، شەخسلەرنىڭ كاللىسىدىكى ئوي-پىكىرلىرى، هەم قەلبىدىكى هېس-تۇيغۇلىرى سىستېمىلاشقان بىر كوللېكتىپ پىكىر ۋە پىلانلار بىلەن پۈتۈنلەشمەي تۇرۇپ، پائال تەسىرى كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ، جەمئىيەتنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى ئۆزگەرتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىيالمايدۇ. شۇنداق، باشقىلارنى قوزغىتىش دۇرۇش ئاساسلىق نىشان قىلىنماي تۇرۇپ، قوزغىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھەرقانداق پىلان ۋە پىروگراملارنىڭ نەتىجىسى غورىگىل قالىدۇ. شۇڭغدەك ئۆزىنى قوزغىلىش دۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ يول ئالغانلارنىڭ، قوزغاتقۇچى بولۇپ، مىللەتكە ئىستىقبال يولى ئاچالايدىغانلىقىغىمۇ ئىشەنچ بىلەن قارىغىلى بولمايدۇ.

قىسقىسى، ياشىتىش قىزغىنلىقى، بىزنىڭ هال-هەرىكىتىمىزنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. بۇنداق بىر خىزمەتكە سالاھىيەتلىك بولۇش بىزنىڭ هەر قېتىملىق قايغۇ ۋە دەردىمىزدۇر. هەتتا شۇ قەدەركى، ئۆلۈمنىڭ سەكرات ئاچچىقى بىلەن جان تالىشىۋاتقاندىمۇ، باشقىلارنى ياشىتىش ئۈچۈن، قىلچە ئەلەم هېس قىلماسلىقىمىز، بۇ يولدا ئەڭ يۈكسەك هېرىستىن تېخىمۇ يۈكسەك سەۋدا ۋە قىزغىنلىق بىلەن ھەقتائالانىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلىشتىن باشقا ھەرقانداق سەۋدا شەربىتىگە مەستانە بولماسلىقىمىز لازىم.

توغرا، ھەقىقىي پىداكارلار ئۆزلىرىنىڭ پاراۋانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن سەۋدايى ئاشىقلاردۇر. پىداكارلىق ئۇلارنىڭ روھىي ئالەمدە يېتىلگەن گۈل-گۈلىستان ئېرەم بېغىدۇر. پىداكارلىق ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بېغىنىڭ نىلۇپەر گۈلزارىدۇر. ئۇلار ۋەسلىگە ۋاسىل بولغاندىمۇ، هىدىگە ئاشىنا بولمايدۇ. ئۇلار باشقىلارنى ياشىتىش ئارزۇسى بىلەن كۆيۈپ كۈل بولغاندىمۇ، شامغا ئوخشاش باشقىلارغا ئۈمىد چىرىغى بولۇش ئىشتىياقى بىلەن خۇشاللىق يېشى ئېقىتىپ، قەلب بېغىنى گۈل-چىمەنگە پۈركەندۇرۇش ئۈمىدىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دەۋا يولىدا ئىشەنچنىڭ ئەھمىيىتى

د. مەجدى هىلالى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات ئۆزلەشتۈرگەن

ھاياتلىق يولىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ، جۈملىدىن جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەردىن خالىي ساغلام كىشىلىك يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭدەك، دىن ۋە مىللەت دەۋاسىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، دەۋا يولىدا بىر سەپ ياكى بىر تەشكىلات سايىسى ئاستىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئىشەنچنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىشىنىش ياكى ئىشەنچنىڭ ئىسلامدىكى دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر. بۇ مەسىلەن، ياراتقۇچى ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، رەھبەرلەرگە ئىشىنىش، دەۋاغا ئىشىنىش... دېگەندەك نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ئاساستا، دەۋا يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشىنىشنىڭ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

## 1ـ ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش:

ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىش دېگىنىمىز، ئۆزىنى دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت دەۋاسىغا ئاتىغان ھەر بىر مۇسۇلمان، «پۈتۈن خالايىق ساڭا بىر پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا بىر پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا، يەنە پۈتۈن خالايىق ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا»، ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ۋە ھەممە ئىشنىڭ ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالا خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا، خالىغان كىشىنى خار قىلىدىغانلىقىغا، ھەممە ئادەم

يالغۇز تاشلاپ قويسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىشىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىز قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ئالدىغان بولساق، جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى: «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن، ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن، (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن، ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز».[1]

ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىككىلەنمەي دېڭىزغا ئېتىشى بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە قەتئىي ئىشەنگەنلىكىنىڭ ناماياندىسىدۇر. ئەگەر، ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى قەتئىي ۋە ئىشەنچىسى كامىل بولمىغان بولسا ئىدى، ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى ئوغلىنى دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز قايىنىمىغا تاشلىمىغان بولاتتى.

ئۆز ۋاقتىدا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يولغا چىققان ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى قوغلاپ، دېڭىز بويىغا قىستاپ كەلگەندە، ئىسرائىل ئوغۇللىرى: «ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولىدى» دېدى.[2]

لېكىن، رەببىدىن ۋەھيى تاپشۇرۇپ ئالغان، قەلبى ئىمان ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ياردىمى چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) رەببىم ھەققەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ».[3] پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇ تەربىيلەپ يېتىلدۈرگەن ساھابە كىراملارنىڭ ھايات ئىزلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى نە قەدەر يۈكسەك ۋە كامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرگە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قاراپ يولغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ مەككە مۇشرىكلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن غارى سەۋرگە بېرىپ بىر قانچە كۈن ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن. بۇ ئەسنادا مەككە مۇشرىكلىرى ئىز قوغلاپ غارنىڭ ئېغىزىغىچە

[1] قەسەس سۈرىسى، 7 ـ ئايەت.
[2] شۇئەرا سۈرىسى، 61 ـ ئايەت.
[3] شۇئەرا سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېقىنلاپ كېلىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى شۇ چاغدىكى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ نە قەدەر چوڭقۇرلۇقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غاردا ئىدىم، مەن بىزنى ئىزدەپ كەلگەن مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرىنى كۆرۈپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ بىرى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچىغا شۇنداقلا قارىسا بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا «ئى ئەبۇبەكرى ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى ئادەمگە بولغان گۇمانىڭ قانداق؟ دېدى».[1] ئەھزاب ئۇرۇشىدىمۇ مۇئمىنلەر دەسلەپكى قەدەمدە قورقۇنچلۇق خەتەرگە دۇچ كەلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر ئىمانى ۋە قەتئىي ئىشەنچىسى سەۋەبلىك دۈشمەن چېكىنىپ قايتىشقا مەجبۇر بولغان. ئاللاھقا ھەقىقىي ئىمان ئېيتقان قەلبلەر مۇشۇنداق قورقۇنچ ۋە خەتەرگە يولۇققاندىمۇ ھوزۇر ۋە ئەمىنلىك ھېس قىلىدۇ. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى تەرىپلەپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: «بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى» دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى».[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، قۇرئان كەرىم ئال ئىمران سۈرىسى 173 ـ ئايەتتە بايان قىلىنغان: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!» دېگەن سۆزنى ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇد ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىگە قارشى ئېيتقىنىدەك، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ «قۇرەيشلەر سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار» دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە قارشى ئېيتقان، دېيىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىنىڭ نۇرغۇن سىناق ۋە ئىمتىھانلاردىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2 ـ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئىشىنىش:

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان، بولۇپمۇ دەۋا يولىدىكى ھەر بىر كىشى ۋاقتىنىڭ قانچىلىك ئۆتۈشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەققە قارشى باتىل كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى قانچىلىك كۈچەيسە كۈچەيسۇن، ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ ياردىمى چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ۋە بۇ دەۋانىڭ كۈچىيىپ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. چۈنكى ھەقنىڭ باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ۋە جانابى ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلەرگە ھامان ياردەم قىلىدىغانلىقى ئەزەلدىن يېزىلىپ بولغان بىر ھەقىقەت. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەت زىكىر قىلىنغان: «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] ئەھزاب سۈرىسى، 22 ـ ئايەت.

كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زىمىنغا (يەنى جەننەت زىمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق»[1]. «كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[2]. «ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى»[3].

«شەك شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز»[4]. «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[5].

مەزكۇر ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ھەرقانداق بىر مۆئمىننىڭ قەلبىدە باتىلغا قارشى ئاللاھنىڭ چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، شۇ مۆئمىننىڭ قەلبىدىكى ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈپ، جاسارىتىنى زىيادە قىلىدۇ. خاتىرجەملىكىنى ئاشۇرۇپ، سەۋرچانلىقىنى چېڭىتىدۇ.

خەبباب ئىبنى ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئەزىيەت ۋە زۇلۇمنىڭ يېنىكلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە بەزى كىشىلەر يەرگە ئورەك كولىنىپ تاشلىنىپ، ھەرە كەلتۈرۈلۈپ بېشى ئىككى پارچە قىلىپ تىلىناتتى. بۇ قىيىن قىستاق ۋە ئازابلاش ئۇلارنى دىنىدىن توساپ قالالمايتتى. يەنى، گۆشىنىڭ ئاستىدىكى ئۇستىخان بىلەن نېرۋىلىرى تۆمۈر تارغاق بىلەن تارىلاتتى، بۇ قىيناشمۇ ئۇلارنى دىنىدىن توساپ قالالمايتتى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ بۇ ئىشنى (دىنىنى) چوقۇم تاماملىماي قويمايدۇ، ھەتتاكى ئۇلاغقا مىنگەن يولۇچى سانئادىن ھەزرەمەۋتكە قەدەر يەقەت ئاللاھتىن ۋە قويلىرىغا بۆرىدىن قورقۇشتىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمىغان ھالدا خاتىرجەم يۈرەلەيدۇ، بىراق سىلەر ئالدىراپ كېتىسىلەر» دېدى.[6]

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارنىڭ، مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەھشىيانە زۇلۇملىرى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش سىياسەتلىرى

[1] ئەنبىياسۈرىسى، 105 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە مۇجادەلە 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە غافىر 51 ـ ئايەت.
[5] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] بۇخارى رىۋايىتى.

بىزنى بىئارام قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئۇلار قانچىلىك ھەددىدىن ئېشىپ چوڭچىلىق قىلسىمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى». [1]

«شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى». [2] بۇ ھەددىدىن ئېشىشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى؟ «پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇننى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىدۇق، پىرئەۋن ئەيىبلەنگۈچىدۇر» [3]. ئاللاھ تائالا سۈرە قەسەسنىڭ بېشىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يەر يۈزىگە ھاكىم بولۇش ئىمكانىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدە كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى)، ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز»[4].

دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىشى، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئىززەتلىك ھېس قىلىشى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىگە، ئۇلارغا ياردەم قىلىپ توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىغا، كىشىلەر ئۇنى تاشلاپ كەتكەندە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا، ياردەمگە ئېھتىياج بولغاندا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ ھەردائىم ئۆزى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىگە، زېمىندىكى ئەسكەرلەر ياردەم بەرمىسە، ئاسماندىن ئەسكەرلەر چۈشۈرۈپ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، كەسكىن ئىمان بىلەن ئىشىنىشلىرى كېرەك. «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيي قىلدى». [5] دېگەن ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتكە چىن ئەقىدە قىلىدىغان كىشىنىڭ قەلبى خاتىرجەم، ئۈمىدى بۈيۈك، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى كاتتا بولىدۇ.

## 3 ـ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتلىرىغا بولغان ئىشەنچ:

[1] سۈرە نازىئات 17 ـ ئايەت.
[2] سۈرە قەسەس 4 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زارىيات 40 ـ ئايەت.
[4] سۈرە قەسەس 6 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

دىن ۋە ۋەتەن دەۋاسى يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھ يولىدا خالىس باسقان ھەر بىر قەدىمى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە چەككەن جاپا مۇشەققەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھەسسىلەپ ساۋاب ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ».[1] شۇڭا توغرا يولدىكى ھەر بىر دەۋا ئادىمى، ئاللاھ يولىدا بىر ئىش قىلىۋېتىپ ئۇسساپ قالسا، ئاچ قالسا ياكى ئەزىيەت، تىل ـ ئاھانەت ۋە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلسە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ تولۇق ۋە ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئەسلىشى لازىم. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپات مۇسۇلماننى ئاللاھ يولىدا چەككەن جاپادىن لەززەت ئېلىشقا، راھەت پەرەسلىكنى تاشلاشقا ۋە تېخىمۇ غەيرەتلىك ۋە شىجائەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھدىن ئۈمىد قىلىسىلەر ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».[2]

## 4 ـ ئۆزىنىڭ توغرا ۋە ھەق يولدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش:

بۇ ماقالىدە تەكتلىمەكچى بولغان دەۋا يولىدىن مەقسەت، باشقىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىسلام تۇپراقلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى، خەلقنىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىشىشى، زۇلۇم، ئىسكەنجە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىش، مۇجادىلە قىلىش ۋە جىھاد قىلىش يولىدۇر. شۇڭا ئۆزىنى بۇ دەۋاغا ئاتىغان ۋە ئەمەلىي قەدەم باسقان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ، بۇ يولدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرالىشى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ يولدا داۋام قىلالىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدىن ئىبارەت، توغرا يولدا مېڭىۋاتقانلىقىغا چىن ئىشىنىشى كېرەك. چۈنكى، كىشى ئۆزىنىڭ ھەق ۋە توغرا يولدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي ۋە قانائەت قىلماي تۇرۇپ، بۇ يولدا ئۇزۇن مۇددەت ماڭالىشى، دۇچ

[1] سۈرە تەۋبە 120 ـ 121 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 104 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن جايا ـ مۇشەققەت ۋە ھەرخىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ۋەتەننى سۆيۈش، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلىش، ئەگەر ئۇ ۋەتەن باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولسا ئازات قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىسلام تەستىقلىغان، پۈتۈن ئۆلىمالار ئىتتىپاق كەلگەن بولۇپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانمۇ ئىشغالىيەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىسلام دىيارى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكى، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭمۇ دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت دەۋاسى ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە تەلپۈندىغانلىقى، ۋەتىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىشىنىڭ بولسا، ئىنسان ئۈچۈن چوڭ مۇسىبەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش بىلەن نەپسىنى ياخشى كۆرۈشنى بىر ئورۇندا زىكرى قىلىدۇ: «ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمىر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى».[1] يەنە بىر ئايەتتە ۋەتەن بىلەن دىننى بىر ئورۇندا زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلاردىن سىلەر بىلەن دىن توغرىسىدا ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ۋە ئادالەتلىك بولۇشتىن توسمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھ گەپ ـ سۆزدە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ».[2]

ئىمام قۇرتۇبى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: دۈشمەننىڭ مەلۇم بىر رايوننى ئىشغال قىلىشى ياكى شۇ رايوندىكى ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ زېمىنغا رەسمى يەرلىشىشى بىلەن شۇ رايوندىكى خالىغان ـ خالىمىغان، ياش ـ قېرى، چوڭ ـ كىچىك، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ جىھادقا چىقىشى ۋاجىپ بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە ئەمەل قىلىدۇ. ھەتتا دادىسى ھايات كىشىمۇ دادىسىدىن رۇخسەت سورىماستىنلا جىھادقا چىقىدۇ. باي بولسۇن ياكى پېقىر بولسۇن ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ جىھادتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ياكى چىقماسلىقىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر شۇ رايوندىكى كىشىلەر دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالمىسا، شۇ رايونغا ئەڭ يېقىن بولغان شەھەر ئەھلىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ شەھەرگە قوشنا بولغان شەھەر ئەھلىگە جىھاد ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم شۇ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان رايوندىكى خەلق دۈشمەنگە يالغۇز قارشى تۇرالىغۇدەك ياكى بولمايدۇ ئۆزىنى ھىمايە قىلالىغۇدەك كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، شۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ياردەم قىلىشقا قادىر بولغان باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ جىھاد

[1] سۈرە نىسا 66 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت.

ۋاجىپ بولىدۇ. (ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان.)

5 ـ ئىش بېشىدىكى مەسئۇللارغا ۋە رەھبەرلەرگە ئىشىنىش:

ھەربىر مۇسۇلمان، ئىش بېشىدىكى مەسئۇللارغا ۋە رەھبەرلىرىگە سەممىي قەلبى بىلەن ئىشىنىشى كېرەك. يول باشچىمىز پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى ۋە پوزىتسىيەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مىساللارنى ئۇلارنىڭ ھايات ئىزلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

ئىسرا ۋە مىراج ۋەقەسىدە، مۇشرىكلار ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئەبۇ بەكرى دوستۇڭنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۈگۈن كېچە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ ناماز ئوقۇپ، مەككىگە قايتىپ كەلگەنمىش! دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى بۇنىڭغا قارىتا سىلەر يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر، دېدى. ئۇلار ياق يالغان ئېيتمىدۇق دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتتە كىشىلەرگە شۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەبۇ بەكرى دەرھال، ئەگەر پەيغەمبەر شۇنداق دېگەن بولسا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇنىڭ دېگىنى توغرا دېدى.

رەھبەرگە ئىشىنىشنىڭ يەنە بىر مىسالى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلاش ۋەقەسىدىمۇ ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. «بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟»[1]

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى (ئەييۇبنىڭ ئانىسى) ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئەييۇب! ئائىشە ھەققىدە كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ ئەييۇب: شۇنداق ئاڭلىدىم. ئۇ، ئوپئوچۇق يالغان. ئى ئەييۇبنىڭ ئانىسى: «سەن بولساڭ شۇنداق قىلامتىڭ؟» دەپ سورىدى. ئايالى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم ئۇنداق قىلمايتتىم»، دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئەبۇ ئەييۇب: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئائىشە سەندىن ياخشىدۇر» دېگەن.

ھۇدەيبىيە ۋەقەسىدە بولسا، كاپىرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارشى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلۋەتتە شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى. بىز ھەق ئۈستىدە، ئۇلار باتىل ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەئە شۇنداق دېۋىدى، ئۇ يەنە ئەمسە نىمە دەپ دىنىمىز ھەققىدە ئېغىر شەرتلەرگە قول قويىمىز؟ نېمىشقا ئاللاھنىڭ بىز بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتمەي تۇرۇپ قايتىپ كېتىمىز؟ دەپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[1] سۈرە نۇر 11 ـ 12 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىي ئۆمەر! مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلالمايمەن. ئاللاھ ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى، ئۇ مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتۇرغاندەك جاۋاب قايتۇردى ۋە ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەق ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلمايمىز، ئاللاھ ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، دېگەن گەپنى قوشۇپ قويىدى.

مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئىشىنىشىنىڭ روشەن مىساللىرىدۇر.

كۈنىمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ دەۋا يولىدىكىلەرنىڭ، ئۆز رەھبەرلىرىگە ۋە ئىش بېشىدىكى مەسئۇللىرىغا بولغان ئىشەنچىنىڭ قەلبىگە مۇستەھكەم يەرلىشىشى ۋە كۈندىلىك ھاياتىدا ئەمەلىيلىشى ئۈچۈن رەھبەرلىرىنى يېقىندىن تونۇشى، ھاياتىنى ئوقۇپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن تاقىتىنىڭ ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ساداقەت، سەمىمىيەت ۋە ئىخلاسىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىشى، ئۇلارنىڭ ساداقىتى، سەمىمىيىتى ۋە پىداكارلىقىغا ھەرگىز شەك قىلماسلىقى، بەلكى ئىش بېشىدىكى مەسئۇل ياكى لىدىرەلىرىنىڭ دىن ۋە مىللەت ئىشىغا بىزدىن بەكراق باش قاتۇرىدىغانلىقى، دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن قايسى پايدىلىق بولسا شۇنى قىلىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشى كېرەك. ئەنە شۇنداق چۈشەنچە ياكى ئاڭ سەۋىيە يېتىلگەندىلا، رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ سۆزىنى ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئاڭلايدىغان، تولۇق ئىتائەت قىلىدىغان، ئېنىق بولمىغان بىرە مەسىلە ئۈستىدە دەرھال كۆرۈشۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا نەسىھەت قىلالايدىغان بولىدۇ.

## 6 ـ دەۋا يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان سەپداشلىرىغا ئىشىنىش:

مۇسۇلمان كىشى، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە، ساۋاب ۋە مۇكاپاتىغا، ئۆزىنىڭ مېڭىۋاتقان يولىغا، ئىش بېشىدىكىلەرگە، بولۇپمۇ رەھبەرلەرگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، بۇ يولدا بىرگە ماڭىدىغان ھەربىر سەپداشلىرىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشى، سەپداشلىرىدىن ھېچقانداق بىر كىشىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە ماڭغان كىشىنىڭ، بۇ يولدا مېڭىپ توختاپ قالغان ياكى ھېچ مېڭىپ باقمىغان باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر

دەرىجىدە ئۈستۈن قىلىدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلىدى. ئاللاھ جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلىدى.[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئەنە شۇنداق تەربىيىلەنگەن بولۇپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد رۇم قوماندانلىرىدىن بىرىگە: بىز، سىلەر ھاياتقا ھېرىسمەن بولغاندەك، ئۆلۈمگە ھېرىسمەن ئەسكەرلەر بىلەن كەلدۇق دېگەن. خالىد ئىبنى ۋەلىد بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا يۇقۇرىدىن ياردەم قوشۇن تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا قەئقەئە ئىبنى ئۆمەر ئەۋەتىلگەن. ئۇ يالغۇز بىرلا «قەئقەئە» نى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن، لېكىن ئۇنىڭغا: «قەئقەئە قاتناشقان ھەرقانداق ئۇرۇش مەغلۇپ بولمايدۇ» دېيىلگەن. ئەمر ئىبنى ئاس مىسىرنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مىقداد ئىبنى ئەمر، ئۇبادە ئىبنى سامىت ۋە مەسلەمە ئىبنى مۇخەللەد (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 4000 ئەسكەر ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، مۇنداق بىر پارچە خەت يوللىغان: «ساڭا 4000 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن ئەۋەتتىم. ئۇلار بىلەن بىرگە ھەربىرى مىڭ كىشىگە باراۋەر كېلىدىغان 4 كىشى بار، دېمەك يېنىڭدا 12 مىڭ كىشى بار. بۇ 12 مىڭ كىشىنى ھېچكىم مەغلۇپ قىلالمايدۇ».

يۇقىرىدا ئۆتكەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت قىلىش ۋەقەسىدىنمۇ سەھابىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەييۇبنىڭ ئانىسى، ئەييۇبنىڭ دادىسىغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن سەفۋاننىڭ ئورنىدا بولغان بولساڭ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەققىدە يامان گۇماندا بولامتىڭ؟ ئەييۇبنىڭ دادىسى ياق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەييۇبنىڭ ئانىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، رەسۇلۇللاھقا خىيانەت قىلمىغان بولاتتىم. ئائىشە مەندىن ياخشى، سەفۋانمۇ سەندىن ياخشى». دېمەك بىر مۇسۇلمان، بۇ دەۋا يولىدا بىرگە ماڭغان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا مۇشۇنداق ئىشىنىشى لازىم. لېكىن بۇ ئىشىنىش، بىر ئىنساننىڭ ھىممىتى ۋە ئىرادىسى ئاجىزلاپ قالغان ۋاقىتلاردا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قېلىشىغا زىت كەلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىن خاتالىق كۆرۈلسە ياكى ئەۋزەل ئىشلارنى قىلماي نورمال رۇخسەت ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرمەسلىك، كەمسىتمەسلىك، بەلكى چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق خاتالىقنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەمچى بولۇشى لازىم.

بەزى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئاز ـ تولا كەمچىلىكى بولسىمۇ، دەۋا يولىدا جىېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ياكى جىېنىنى تىكىپ ماڭغان بىر كىشى بىلەن،

[1] سۈرە نىسا 95 ـ ئايەت.

ۇورقانلىق ياكى ئىھتىيات قىلغانلىقتىن ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرغان كىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ھاتىپ ئىبنى ئەبى بەلتەئە ۋەقەسىدە بۇنىڭ مىسالىنى ناھايىتى ئېنىق رەۋىشتە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھاتىب ئىبنى بەلتەئە مەككە ئەھلىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېزىلغان بىر مەكتۇپ يوللىغان. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق خەۋەر قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى رازىيالللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مىقداد رازىيالللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپ، مەكتۇپنىڭ مەككە ئەھلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى توسۇۋېلىپ قالغان. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىيانەتكە ئوخشاپ قالىدىغان ئىش بولغانلىقتىن، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئۇ زاتنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆزۈڭنى بېسىۋال ئى ئۆمەر! ئۇ دېگەن بەدرى ئورۇشىغا قاتناشقان. سەن بىلەمسەن، ئاللاھ بەدرىگە قاتناشقانلارغا ئىلتىپات قىلىپ: خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرگە مەغفىرەت قىلىۋەتتىم، دېگەن، دېدى.

7 ـ ئۆزگە ئىشىنىش:

دىن، ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلماقچى بولغان كىشىدە ئىلىم، قابىلىيەت ۋە تەجرىبە ساۋاققا ئوخشاش بىر قانچە تەرەپتىن قابىلىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزگە ئىشىنىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئۆزگە ئىشەنگەن كىشى، ئۆزىدىكى قابىلىيەت، تالانت ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلەيدۇ. كەلگۈسى نىشان ـ مەقسەتلىرى بىلەن قابىلىيىتى، تالانت ۋە ئىمكانىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ساقلىيالايدۇ. ھەممەتىسز ئېزىلەڭگۈ بولمايدۇ. ھەددىدىن زىيادە ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئاخىرىغا چىقىرالمايدىغان ئىشقا تۇتۇش قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ تەنقىدلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەنقىد قىلىنسا بىئارام بولماستىن مۇمكىن قەدەر پايدىلىنىشقا ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدۇ، ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ھەرقانداق ئىشنى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئىشلارنى تەمكىن ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. تېز ئاچچىقلانمايدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چۈشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ.

ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنى شىجائەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. غەلىبە قىلغان ۋە نەتىجە قازانغان ئىشلىرى ئۈچۈن رەببىگە شۈكرى ئېيتىدۇ، قەتئىي مەغرۇرلانمايدۇ. ئەگەر مەغلۇبىيەتكە يولۇقسا مەيۈسلەنمەستىن، يېڭىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.[1]

[1] د. پەرغەلى ھارۇن: ئۆزگە ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى



# ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۆلىمالارغا قانداق ھۆرمەت قىلاتتى؟!

مۇھەممەتئىمىن بىشارەت

«ئارىمىزدىكى چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرنى ئاسرىمىغان، ئالىملىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان كىشى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.»[1]

ئالىم-بىر مىللەتنىڭ بىباھا بايلىقى، كەلگۈسى ئۈمىدى، ھىدايەت يۇلتۇزى، بەخت سائادىتى، ئىستىقبال كاپالىتى دېمەكتۇر.

ئالىم جەمئىيەت بىناسىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈكتۇر. تۈۋرۈك يىقىلسا بىنا يىقىلىدۇ. ئۆز ئالىمىنى قەدىرلىمىگەن مىللەت ھېچقاچان روناق تاپالمايدۇ. بىر مىللەتنىڭ خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۆز ئالىملىرىنى خارلاپ، ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشى، گېپى ئۆتمەس، ھۆكۈمى كەسمەس قىلىپ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدۇر.

ئالىملىرىدىن ئايرىلغان مىللەت پادىچىسىدىن ئايرىلغان قويلار توپىغا ئوخشاش تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ، ئاخىرىدا بۆرىلەرگە يەم بولىدۇ. ئالىملىرى ھۆرمەت قىلىنمىغان بىر جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلادلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش تېرەكتىن ئامۇت كۈتكەن بىلەن باراۋەردۇر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت زۇلمىتى ئىچىدە قالغان بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى نۇرلۇق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشتۇرغان 1400 يىلدىن ئارتۇق زاماندىن بېرى مۇسۇلمانلار ئۆز ئالىملىرىنى قەدىرلەپ كەلگەن، ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان ھەمدە ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن. ئۇلار شۇ ۋاقىتلاردا شانۇ-شەۋكەتلىك، بەخت-سائادەتلىك، بىرلىك-ئىتتىپاقلىققا تولغان گۈزەل ھاياتلاردا ياشىغان.

[1] مۇھەممەد ناسىرىددىن ئەلبانىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 5443-ھەدىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىك يادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئالىم-ئۆلىمالىرىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ئىپادىلىرىنى قوللىناتتى.

بۇ ھەقتە شانلىق ئىسلام تارىخىمىز تالاي مىساللار بىلەن تولغان بولۇپ، مەن بۇ ماقالىدە ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

※ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[1] بىر كۈنى ئاتقا مىنمەكچى بولغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[2] ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېگىشتى، بۇنى كۆرگەن زەيد مۇنداق دېدى: ئەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، ئۇنداق قىلمىسىلا! بىز ئۆلىمالىرىمىزغا ۋە بۈيۈكلىرىمىزگە مانا مۇشۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئىدۇق ،-دېدى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆرمەت بىلەن. ئۇنداقتا، قوللىرىنى چىقارسىلا! دېدى زەيد تۆۋەنگە ئېگىشىپ تۇرۇپ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قولىنى چىقىرىۋىدى، زەيد ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ: بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانىدۇق.-دېدى.[3]

※ ئىمام شافىئى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكتىن، بېئارام قىلماسلىق ئۈچۈن كىتابنىڭ بەتلىرىنى ئىنتايىن سىلىقلىق بىلەن ئۆرۈيتتىم.

※ رەبىئە[4] مۇنداق دەيدۇ: ئىمام شافىئى ماڭا قاراپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، سۇ ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.

※ ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: ئالىمنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەقلىرىدىن بىرى سېنىڭ كىشىلەرگە ئومۇمەن سالام قىلغاندىن كېيىن، ئالىمغا تېخىمۇ بەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام قىلىشىڭدۇر.

※ يەھيا ئىبنى سەئىد[5] رەبىئەنى كۆرسە گېپىنى توختىتىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، سۈكۈت قىلىپ تۇراتتى.

※ ئەبۇ زۇرئە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام ئەھمەدنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئاردىن بىرى ئىبراھىم ئىبنى تۇھماننىڭ[6] گېپىنى قىلدى. ئىمام ئەھمەد كېسەللىكتىن يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇ شۇ ھامان رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: ئۇلۇغلارنىڭ گەپ سۆزى بولۇنغاندا بەخىرامان يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىش لايىق ئەمەس، دېگەن ئىدى.[7]

※ ئەبۇ مۇسئەب مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ئىمام مالىكتىن ئىلىم سوراپ، دەرۋازىسىنىڭ

[1] مەشھۇر ساھابىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۇ قارىيلارنىڭ شەيخى، مەدىنىنىڭ مۇفتىسى، ۋەھيى خاتىرىلىگۈچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاقىللىرىدىن بىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمانى ئىدى ئىبرانى تىلىنىمۇ بىلەتتى.
[2] ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسپە يغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۈممەتنىڭ ئالىمى، قۇرئاننىڭ تەرجىمانى، تەپسىر پېشۋاسى، ھەدىس ئۇستازى، فىقھى سەردارى ئىدى.
[3] مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمھالى (سير أعلام النبلاء) 2 ـ قىسىم 437 ـ بەت
[4] رەبىئە ئىبنى سۇلەيمان ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، مەشھۇر شەرىئەت ئالىمى ۋەھەدىس ساھەسىنىڭ تۆھپىكارلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.
[5] تابىئىنلەر زامانىدا ياشىغان مەشھۇر ئالىم، فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، مەدىنە مۇپتىسى، مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى
[6] نىساپوردا كېيىن مەككىدە ئىلىم تارقاتقان خۇراسانلىق مەشھۇردىنى ئالىم، شۆھرەتلىك ھەدىسشۇناس.
[7] مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمھالى (سير علام النبلا ) 7 ـ قىسىم 381 ـ بەت.

يىنىدا تويلىشىپ، قىستىلىشىپ كېتەتتى. ئەمما ئىمام مالىكنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە بولسا ھېچكىم بىر-بىرىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماستىن، بېشىنى تۆۋەن تۇتۇپ، قول باغلاپ تۇراتتى. سۇلتان، ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى.

※ ئەبۇلھەسەن ئىبنى ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئەھمەد داۋۇد ئىبنى قۇشەيرى[1] ئاتقا مىنمەكچى بولسا ئۈزەڭگىسىنى پۇتىغا تۇتۇپ بېرەتتى.[2]

※ يەھيا ئىبنى جەئفەر[3] مۇنداق دەيدۇ: ئىمام بۇخارىنىڭ ئۆمرىگە مېنىڭ ئۆمرۈمدىن قوشۇپ بېرىش مۇمكىن بولسا ئىدى، چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم، چۈنكى مېنىڭ ئۆلۈمۈم بىر كىشىلىك ئۆلۈم، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بولسا ئىلىمنىڭ ئۆلۈمى ئىدى.[4]

※ مۇھەممەد ئىبنى ياقۇپ مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئىمام مۇسلىمنىڭ ئىمام بۇخارى ئالدىدا ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن تۇرۇپ، كىچىك بالىدەك تەمتىرەپ سوئال سورىغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن.

※ ئىمام مۇسلىم ئىمام بۇخارىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا سۆيۈپ ئاندىن ئۇنىڭغا: «پۇتىڭىزغا سۆيۈۋالاي، ئەي ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ پېشۋاسى» دېگەن ئىدى.[5]

※ مۇھەممەد ئىبنى ياقۇپنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئىمام بۇخارى نىساپۇرغا كەلگەندە، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا پىيادىلىكلەردىن باشقا 4000 ئادەم ئاتلىق چىققان ئىكەن.

※ خەللال مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى مەرۋەزى[6] غازاتقا چىققاندا، ئۇنى سامۇرادىن باغداتقىچە تەخمىنەن 50000 كىشى ئۇزىتىپ چىققان ئىدى.

يۇقىرىقى بىر قانچە مىساللار بۈرۈنقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرىغا بولغان ھۆرمەت نەمۇنىلىرىنىڭ كىتابلاردا خاتىرىلەنگەنلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بولۇپ، بۇلارغا ئوخشاش ھۆرمەت ئىپادىلىرى ھەرخىل ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆز ئورنىنى تاپقان ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ئومۇمىي تۈس ئالغان.

خوش، ئۇنداقتا، ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۆلىمالارغا ئەنە شۇنداق ھۆرمەت قىلغان ئىكەن ۋە ھۆرمەتنى پەقەت قەلبىدىلا ساقلىماستىن، بەلكى ئۆز ئەمەلىيىتىدە تۈرلۈك ئىپادىلەر بىلەن كۆرسەتكەن ئىكەن، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئالىملارغا، بۈيۈكلەرگە، تۆھپىكارلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش مەدەنىيىتى، ھۆرمەت قىلىش

[1] بەسرەلىك مەشھۇر ئالىم، تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس، بەسرە مۇپتىسى.
[2] مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمىھالى (سير علام النبلا ) 11-قىسىم 131-بەت.
[3] ماۋەرائۇننەھر دىيارلىرىنىڭ مۇھەددىسى، بۈيۈك شەرىئەت ئالىمى
[4] مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمىھالى (سير أعلام النبلاء) 10- قىسىم 92-بەت
[5] مەشھۇر شەخسلەر تەرجىمىھالى (سير أعلام النبلا) 12-قىسىم 432-بەت
[6] ھىجرىيەنىڭ 275-يىلى ۋاپات بولغان خاۋارىزملىق مەشھۇر مۇھەددىس، فىقھشۇناس، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى، باغداتتا ياشىغان، نامى مەشھۇر، بۈيۈك ئالىم.

www.uyghurkitap.com

ئەنئەنىسى ئىلگىرىكىلەردىن كېيىنكىلەرگە، چوڭلاردىن كىچىكلەرگە مىراس قىلىپ ئۇلار بۇ شانلىق مەدەنىيەتنى زامانىمىزغا قەدەر يەتكۈزگەن ئىكەن، ئەجەبا، بىز بۇ مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلالىدۇقمۇ؟

ئالىملىرىنى قەدىرلىمىگەن، ئۇلۇغلىرىنى تونۇمىغان، تۆھپىكارلىرىنى قوللىمىغان ئەۋلادلىرىمىز كەلگۈسىدە نېمە بولماقچى؟

ۋەتەندىكى ۋاقىتلاردا شۇ قەدەر ھۆرمەتلەنگەن، ئەزىزلەنگەن ئۆلىمالىرىمىز بۈگۈن نېمە ئۈچۈن خار بولۇپ قالدۇ؟

ئۇلار باي ـ كەمبەغەل، كادىر-دېھقان، ئىشچى ـ خىزمەتچى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ھەتتا ئۇلارنى ھەق سۆزلەتكەن ئەمەسمىدى؟ جەمئىيەتتىكى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ، بايلارنىڭ ئارزۇسى باللىرىنى دىندا ئالىم قىلىش بولۇپ قالغان، ھەتتا دۆلەت كادىرلىرىمۇ باللىرىنى مائاشلىق كادىر قىلىشنى ئويلاشماستىن، باللىرىنى ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىدە دىنىي ئۇستازلارغا تۇتقۇزغان ھەمدە يوشۇرۇن شارائىت چىقىرىپ بەرگەن ئەھۋاللار قۇلاقلىرىمىزغا ئاڭلىنىپ، كۆزلىرىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى ئەمەسمۇ؟

بۇنداق يارقىن كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەسىرىدە، ھەتتا ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئەمەلدارلار، ساقچىلارمۇ ئۆلىمالارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولغان ئىدى.

ئويلاپ باقايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟ كىشىلەرنى ئاشۇنداق ئاددىي ـ ساددا ئۆلىمالاردىن ئەيمەندۈرگەن نەرسە زادى نېمە؟

خەلقنىڭ ئۆلىمالىرىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقى، قەلبىدە ۋە ئەمەلىي ھاياتىدا يۈكسەك سۆيگۈ ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىكى ھەمدە ئۇلارنى يېتىم قالدۇرماستىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ ھەممە كىشىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ؟

ئەمەلىيەتتە ۋەتەندىكى ئىسلامنىڭ ئومۇملىشىپ، ھەرقايسى قاتلاملارغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشى، ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە، شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا تەدبىقلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىشى، دىنىي كەيپىيات ۋە ئىسلامىي تۇسنىڭ ئومۇملىششى، ھەتتا مىراس تەقسىماتى، قاتناش ۋەقەلىرى، جېدەل ـ ماجىرالار ۋە تۇرلۇك دەۋا ـ غەۋغا قاتارلىق ئىجتىمائى مەسىلىلەرنىڭ ئۆلىمالارنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بىرتەرەپ قىلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا تامامەن تەسلىم بولۇشى قاتارلىق ئاجايىپ يارقىن، گۈزەل ئىسلامىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى-خەلقنىڭ ئۆلىمالىرىغا بولغان مۇھەببەت، ئىتائەت ۋە ھۆرمىتىنىڭ ئومۇملىشىپ، جەمئىيەت تۇسىنى ئالغانلىقىدىن دەپ قاراش تامامەن ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

بۈگۈنكى كۈندە نامار ئوقۇشنى بىلمەيدىغان، دىندىن نېسىۋىسى ئاز ياكى بولمىغان، ھەتتا دىننى، ئۆلىمالارنى ھاقارەتلەيدىغان زىيالىيلارنىڭ بىر ئىككى قېتىملىق قۇرۇق

نەزەرىيىۋى لېكسىيەلىرىنى خۇددى ئاسماندىن ۋەھىي چۈشكەندەك تۈيغۇ بىلەن ھاڭۋېقىپ تىڭشاپ، ئۇلارنى ئۆلىمالاردىن ئارتۇق كۆرۈش يامراشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمىتى سۇسلاپ، پىتنىخورلارغا ئەگىشىپ قارىغۇلارچە تىللايدىغان، ھاقارەتلەيدىغان خەتەرلىك ھالەت مەيدانغا كەلدى. بۇنداق ئەخمىقانە كەيپىياتتىن تەسىرلەنگەن روھىيىتى ئاجىز كىشىلەر دىنىي ئوقۇشلارغا قىزىقمايدىغان، دىندا ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بەكمۇ ئازلاپ كەتكەن، ئوقۇۋاتقانلارنىمۇ ئۈمىدسىزلىك ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان ئەھۋال كۆرۈلمەكتە. بۇ ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە يېقىن كەلگۈسىدە دىنغا ۋارىسلىق قىلىدىغان، خەلقنى يېتەكلەيدىغان ئۆلىمالارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۆلىمالىرى بىلەن زىيالىلىرى قۇچاقلاشقان، بىر-بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ مۇكەممەللىككە قاراپ قەدەم ئالغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدۇ. ئەمما ئاتالمىش ئىلغار پىكىرلەرنى قوغلىشىپ، مۇقەددەس دىنىمىزدىن ئۈزاقلىشىۋاتقانلار ياكى دىنىنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاق قىسىملىرى ھەققىدە قالايمىقان بىلجىرلاپ، ساددا مۇسۇلمان خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋاتقانلار، مىللەتنىڭ خار-زەبۇنلۇقىدىكى پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۆلىمالارغا يۈكلەپ، ئۇلارنى خەلق ئاممىسىغا قەبىھ كۆرسىتىپ، يۈرىۋاتقانلار، ماھىيەتتە، دىنغا دۈشمەنلىك قىلغانلاردۇر، مىللەتنىڭ قاغا-قۇزغۇنلىرىدۇر، ئىسلامنىڭ يوشۇرۇن قاتىللىرىدۇر.

خۇلاسە كالام، ئۆلىمالارغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك، ئىتائەتسىزلىك، ماھىيەتتە، دىنىنىڭ يىلتىزىغا پالتا سالغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دىن ئۆلىمالار بىلەن بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆلىمالار دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئۆلىمالار يىقىلسا دىن يېقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارغا ئىگە چىقىشىمىز لازىم.

ئەگەر سىز دىننى قوغدايمەن دېسىڭىز، ئازغىنە خاتالىق سەۋەبلىك ئۇلارنى يەرگە ئۇرمەن دېمەڭ. خاتالىقسىز ئالىم بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۆۋەتتىكى بار بولغان پېشقەدەم، ئىلىمدا پىشقان، تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك، قابىلىيەتلىك، تۆھپىكار، خەلق ئېتىراپ قىلغان ئۆلىمالىرىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپ، ئۆزىڭىز باشقا ئۆلىمالارنى ۋەتەندىن ئىمپورت قىلالمايسىز ياكى باشقا مىللەتنىڭ ئۆلىمالىرى بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىپ خىزمەت قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ. نۆۋەتتىكى بۇزۇلغان جەمئىيەتتە جانلىق روھتىن، تەقۋادارلىقتىن ئايرىلغان ئۆلۈك ئوقۇش ھاياتىدا يېڭىدىن ئۆلىما يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇشكۈل كۆرۈنمەكتە.

ئەڭ ياخشىسى ئۆلىمالىرىمىز ۋاپات بولغاندا «ھەي رەھمەتلىك، تارىخىمىزدا تەڭدىشى يوق، كاتتا ئۆلىما ئىدى» دەپ ھەسرەت چېكىپ، مەدھىيىلەپ، تارىخ يېزىپ، مەرسىيە ئوقۇپ، جىنازە نامىزىدا مەدھىيىلەپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، ھايات ۋاقتىدا مەدھىيىلىسىڭىز، قەدىرلىسىڭىز، ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلسىڭىز دىنىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان بولىسىز. سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆلىمالار مىللەتنىڭ بىباھا بايلىقلىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com



# ۋاقىت ئۆمۈر دېمەكتۇر

مۇھەممەد يۈسۈپ

﴿وَالْعَصْرِ. إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ. إِلَّا الَّذِينَ آَمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ».

ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن زامان (يەنى ۋاقىت) بىلەن قەسەم قىلدى. ئىنسان ئەمەلىيەتتە زامانىنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئۆمرى كۈنلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر كۈن ئۇنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى شۇكى، ۋاقىت ئىنساننىڭ دەسمايىسى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتى، جەننەتنى قازىنىدىغان سەرمايىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئۆتكەن ھەربىر دەقىقە، ھەربىر مىنۇت ۋە ھەربىر سائەت ئۇنىڭ ئۆمرىنى يەپ ماڭىدۇ. چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆمرىنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي زىياندۇر. تىجارەتتىكى ھەقىقىي زىيان تىجارەتكە سالغان دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىش بولغاندەك، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي زىيان ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ، ئۆمرىنىڭ مەنىسىز، بىكارغا ئۆتۈپ كېتىشىدۇر. شۇڭا ئۆمرىنى ۋە ۋاقتىنى ئىمان بىلەن، ياخشى ئەمەللەر بىلەن، بىر ـ بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى، بۇ يولدا چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىنسان زىياندىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى بۇنداق ئىنسان ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشتىن ساقلانغان ۋە ھاياتىنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولدۇرغان بەختلىك ئىنساندۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە زامان بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق، ئىمان ئېيتقان، شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنى ۋە تائەت-ئىبادەتتە، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا چىدامچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقىلارنىڭ زىيان ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. دېمەك، يۇقىرىدىكى تۆت ئىشنى قىلغانلار قەتئىي زىيان تارتمايدۇ.

ئىمان ئىنساندىن ئىبارەت ئۆزى ئاجىز، ئۆمرى چەكلىك بىر مەخلۇقنىڭ كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان مەڭگۈلۈك قۇدرەتلىك زاتقا باغلىنىدىغان ھالقا بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئىنسان ئۆزىنىڭ چەكلىك دۇنياسىدىن ھالقىپ چەكسىز ئالەمگە، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن چىقىپ قۇدرەتلىك ئىلاھىي مۇتلەقكە باغلانغان بولىدۇ. بۇ باغلىنىش ئىنسانغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئامانلىق ۋە سائادەتنى بېغىشلايدۇ. ئىنسان بىر ئاللاھقا باغلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا خارلىنىشتىن ئۆزىنى ۋە پىكرىنى ئازاد قىلغان بولىدۇ.

ياخشى ئەمەل ئىماننىڭ مېۋىسى ۋە نامايەندىسىدۇر. چۈنكى ئىمان ئىنساننى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئېنېرگىيە بولۇپ، ئۇ ھەر زامان ئۆزىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇڭا ئىمان قەلبتە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مېۋىسى بولغان ياخشى ئەمەل ئوتتۇرىغا چىقماي قالمايدۇ. چۈنكى «قازاندا بارى چۆمۈچكە چىقار» دەيدىغان ھېكمەت بار. ناۋادا قەلبتىكى ئىمان ئادەمنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرەلمىسە، ئۇ ھەقىقىي ئىمان ئەمەس، بەلكى يالغان ئىمان ياكى ئۆلۈك ئىماندۇر.

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئوڭاي ئەمەس، چۈنكى ھاياتتا ئادەمنى ئۆز غايىسىدىن ئاداشتۇرۇشقا، يولىدىن ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس. نەپسى خاھىش، شەيتان، شەخسىي مەنپەئەت، مۇھىتنىڭ تەسىرى، خىزمەت بېسىمى، ئائىلە قىيىنچىلىقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىشقا موھتاج. ئۇلار بىر-بىرىنى غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا تەرغىب قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە مەدەت بېرىدۇ. مۆئمىن ئادەم ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، بىر-بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن باشقىلارنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى روناق تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە لاياقەتلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيانى ئىمتىھان ۋە سىناق دۇنياسى، شۇنداقلا ھەقىقەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باتىل ئېلىشىدىغان مەيدان قىلىپ ياراتقان بولۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈش ۋە باتىل ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، كۈچلۈك، چىدامىلىق ۋە سەۋر-تاقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، باتىل كۈچلەرگە، شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە، نەپسىمىزنىڭ خاھىشىغا تاقابىل تۇرۇش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش يولىدا بىر-بىرىمىزگە چىدامىلىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقا موھتاجمىز.

ۋاقىت باشقۇرۇش دېگەنلىك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىش، ئاۋۋال نىشاننى بەلگىلەش ئاندىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىنى ئەڭ ياخشى باشقۇرغانلىقتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ئەگەر بىز ۋاقتىمىزنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولساق، ئۇنى زايە قىلىۋەتكەن بولىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولساق، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بۈگۈن، ئەتە، كېلەچەكتە چوقۇم كۆرىمىز، بىزدىن كېيىنكىلەرمۇ كۆرىدۇ. ۋاقىت مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نەزىرىدە داۋاملىشىۋاتقان ئىبادەتتۇر، چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ۋاقتىنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ غايىسى ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، گەپ-سۆزلىرى، رىزىق ئۈچۈن ئىشلىشى، ھەتتا دەم ئېلىشى.... ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ پۈتۈلىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋاقىت-ئىبادەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش (يەنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش) ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپلا ياراتتىم»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ، خۇسۇسەن، ماتېرىيالىزمچىلارنىڭ ئېڭىدا «ۋاقىت-پۇلدۇر» دېگەن پەلسەپە ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ پەلسەپىنى ھەسەن بەسرىينىڭ «مەن ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىممەتلىك بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆردۈم» دېگەن سۆزىگە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا، ۋاقىتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئالتۇن، كۈمۈش زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆمۈر زايە بولۇپ كەتسە، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ.

ئەقىللىق مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ۋاقىت پۇل-مالدىن ئەلۋەتتە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى پۇل-مالنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ھايات ياشايدىغان ۋاقتىم ئۇزىراپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆي-جايلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتنىڭ پۇل-مالدىن قىممەتلىك

[1] زارىيات سۈرىسى، 56 - ئايەت.

ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بىراۋ بىر سىقىم پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتسە، ئۇنى چوقۇم ساراڭ دەيمىز، ئەپسۇسكى، پۇلدىن قىممەتلىك بولغان ۋاقتنى زايە قىلىۋەتكەن كىشىلەرنى ھېچكىم ساراڭ دېمەيدۇ. ئەسلىدە پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ساراڭدىن ۋاقتنى زايە قىلىۋەتكەن ساراڭ بەكرەك ساراڭدۇر.

ئادەتتە كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدىمۇ نەتىجىسى ئاددىي بولمىغان كاتتا ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بىر مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە بىر سەھىپە قۇرئان ئوقۇغىلى بولىدۇ ياكى ئىككى بەت كىتاب ئوقۇغىلى بولىدۇ. بىر مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىپ قاتمۇقات ساۋاب تاپقىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۈندە يۈز قېتىم {سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ} يەنى «ئاللاھ تائالا بارچە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر» دەيدىكەن، ئۇنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھلىرى بولسىمۇ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «تىلغا يېنىك مىزاندا سالماق كېلىدىغان ۋە ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئىككى كەلىمە بار، ئۇلار: {سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَ اللهِ العظِيْمِ} «ئاللاھ تائالا بارچە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇلۇغ ئاللاھ جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر] دېگەن كەلىمەدۇر»[2].

ۋاقىت ھاياتنىڭ ئاساسى ۋە خام ماددىسى بولۇپ، بارچە مەدەنىيەتلەر، تەرەققىياتلار ۋە پەن ـ تېخنىكىلار ۋاقىت بىلەن ۋە ۋاقىت چېقىرىپ ئىشلەش بىلەن قولغا كېلىدۇ، جەننەتكىمۇ ۋاقىتنى چەك تۇتۇپ ئەمەل-ئىبادەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. كاتتا ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەلۋەتتە رەببىنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنمۇ ۋاقتى يېتىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇنى قەتئىي زايە قىلمايدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ھەربىر لەھزىسىنى نەتىجىلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلارغىمۇ ۋاقتى چىقمايدۇ. ۋاقىتنى پۇلغا سېتىۋالغىلى ياكى كىراغا ئالغىلى ۋە ياكى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، پەقەتلا ئۇنى جايىدا ئىشلىتىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ۋاقىت كاتتا نېمەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بايان قىلىپ: «نۇرغۇن كىشىلەر قىممىتىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نېمەت بار. بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

ۋاقىت چوڭ مەسئۇلىيەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ قەدىمى قىيامەت مەيدانىغا تاشلىنىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۆمرىنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە قىلغانلىقى، پۇل ـ مالنى نەدىن تېپىپ،

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2]ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىمگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە بەدىنىنى نېمە ئىشقا ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدە سوراق ـ سوئال قىلىنىدۇ»[1].

ۋاقىت دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئىشلەشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى بولغانلىقى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن بېرىلگەن نېمەتتۇر. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «ئەقىللىق ئادەم ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلگەن ئادەمدۇر. ناۋادا ئۇنىڭ ۋاقتى زايە بولۇپ كەتسە نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلىرى زايە بولۇپ كېتىدۇ، بارلىق مەنپەئەتلەر پەقەت ۋاقىتتىن كېلىپ چىقىدۇ، ۋاقىت قولدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ۋاقتى ئۇنىڭ ئۆمرىدۇر. ۋاقىت ئۇنىڭ ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىشىنىڭ ياكى مەڭگۈلۈك ئازابقا قېلىشىنىڭ سەرمايىسىدۇر. ۋاقىت بۇلۇتتىنمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەربىر ئىنساننىڭ ۋاقتىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان چاغلىرىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتى ۋە ئۆمرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىن سانالمايدۇ. ئەگەر ئۇ شۇنداق غەپلەت ئىچىدە ياشىسا، ئۇ پەقەت ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى ياشىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقتىنى غەپلەت بىلەن، شەھۋەت بىلەن ۋە قۇرۇق ئارزۇلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇيقۇ ۋە بىكارلىق بىلەن ئۆتكۈزگىنى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ ھايات تۇرغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق بولىدۇ. ئىنسان نامازدا تۇرغىنىدا، ئەقلى ـ ھوشى بىلەن تۇرغان ۋاقىتلا نامازغا ھېسابلانغان يەردە، ئۇنىڭ ئۆمرىدىن ئاللاھ بىلەن بولغان ۋاقىتلىرىدىن باشقىسى ئۇنىڭ ئەمەس»[2].

ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى توختىتىپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ ـ ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، دىنى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش پۇرسىتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇسابىقىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، بۇ مۇسابىقىدە ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنى چەك تۇتۇپ قىلىشقا تىگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا ۋە مۇكەممەل قىلىپ نەتىجە يارىتىش بىلەن ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدۇ.

ۋاقىت ـ ھايات، ۋاقىت ـ پۇل، ۋاقىت ـ ئىلىم، ۋاقىت ـ سالامەتلىك، ۋاقىت ـ پەن-تېخنىكا، ۋاقىت ـ قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر ئاخىرقى بىر مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت كېچىكىشى سەۋەبلىك ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
[2] ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ «الجواب الكافي لمن سأل عن الدواء الشافي» ناملىق ئەسىرى، 201 ـ بەت.

بىر مىنۇت كىچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

ئىنساننىڭ ئۆلكىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ۋاقىت ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دەسمايىسىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم.

قانداقلا بىر ئىشنى ۋاقتىدا قىلالماسلىق، بىرەر ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئورۇندىيالماسلىق ۋە قانداقلا بىر ئىشقا ياكى بىرەر جايغا ئۆلگۈرەلمەسلىك دېگەندەك كىرزىسلارنىڭ بىرلا سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ، «تېخى ۋاقىت بارغۇ» دەپ ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. ھەممە ئىشنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتا ئالدىراپ-تېنەپ قىلىدىغان ئادەملەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلايدىغان ئەخمەقلەردۇر. مۇنداقلارنىڭ قىلغان ئىشى ھەمىشە كەمتۈك، چولتا بولىدۇ، ھەرگىز غەلىبىلىك بولمايدۇ. چۈنكى ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا «ۋاقتىم بار» مۇئامىلىسىنى قىلىپ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە قىلىدىغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ، بارىدىغان يېرىگە كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ ئارىدا كۆپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، ئىشنى ئالدىراپ-تېنەپ چالا-پۇچۇق قىلىدۇ. ئەمما ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان ئادەم ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ، بارىدىغان يېرىگە ۋاقتىدا بارىدۇ، ئىزتىراپ چەكمەيدۇ، كېچىكىپ قېلىپ ئاقىزادە بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ.

چوڭ ئىشلارنى قىلغان ۋە كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدىكەن، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدىكەن. چۈنكى ئۇلار دىلىدۇكى، تىرىشچان ئادەملەر ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىكتۇر. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن دەرتلىنىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولىدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر.

باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى ئوغرىلىغان ئادەمنى كىشىلەر ئوغرى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ئەپسۇسكى، كىشىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالارنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ھالبۇكى، ۋاقىت ئوغرىسىنىڭ قىلمىشى مال ئوغرىسىنىڭ قىلمىشىدىن ئەلۋەتتە ئېغىردۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلىغانلىق ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر. بۇ ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى ئوغرىلىغاندىن ياماندۇر، ئەلۋەتتە.

سائەت مانچىگە دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ۋەدىلەشكە جايىغا ۋاقتىدا بارماسلىق ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىق ۋە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى، ئۆمرىنى ئوغرىلىغانلىقتۇر.

ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئىككى قېتىم قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە شۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ چاغدا بىلگەننىڭ ئۆزىگە قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

بىرىنچىسى، سەكراتقا چۈشكەندە ئۆزىگە ۋاقىت بېرىلىشىنى ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ . وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقانلار! پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. سىلەر بېشىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: ‹ئى رەببىم! مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم› دەپ قېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بەرگەنلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىڭلار»[1].

ئىككىنچىسى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلى بولغانلار بۇ دۇنياغا قايتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ جەننەتكە لايىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا لَهُمْ نَارُ جَهَنَّمَ لَا يُقْضَى عَلَيْهِمْ فَيَمُوتُوا وَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمْ مِنْ عَذَابِهَا كَذَلِكَ نَجْزِي كُلَّ كَفُورٍ . وَهُمْ يَصْطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَا أَخْرِجْنَا نَعْمَلْ صَالِحًا غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ أَوَلَمْ نُعَمِّرْكُمْ مَا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَنْ تَذَكَّرَ وَجَاءَكُمُ النَّذِيرُ فَذُوقُوا فَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ نَصِيرٍ﴾ «كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا كەلسەك، ئۇلار دوزاخ ئوتىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئۆلۈم بىلەن ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەرقانداق كاپىرنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز. ئۇلار دوزاختا: ‹رەببىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋالساق› دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئۇلارغا) ‹سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك بىر ئۆمۈر ۋاقىت بەرمىدۇقمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلدىغۇ، (نېمىشقا ئىمان ئېيتمىدىڭلار؟) ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ياردەم بەرگۈچى يوق› دېيىلىدۇ»[2].

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى: 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.
[2] فاتىر سۈرىسى: 36 ـ 37 ـ ئايەت.



# باغداتتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى — ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي

ئابدۇللا رۇزىمۇھەممەد

مەرىپەت ئاسمىنىدىكى كاشغەرىيلەردىن باغداتتا چاقنىغان چولپان — ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىيدۇر.

ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىينىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاشلا فەقىھ، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ھەدىس ئالىمى. ئۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا شۆھرەت قازىنىپ، «ئىراقنىڭ مۇسنىدى[1]» دەپ ئاتالغان.

ئىسلام دۇنياسىدا بۈيۈك «ھافىزلار[2]»دىن: «التقييد لمعرفة رواة الكتاب والاسانيد» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھافىز ئىبنى نۇقتە (570ھ ـ 629ھ)، «ذيل تاريخ بغداد» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ھافىز ئىبنى نەججار(578ھ ـ 643ھ)، «تاريخ أربل» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئىبنۇل مۇستەۋفىي (؟ ـ 637ھ) قاتارلىقلار ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي ۋە ئاتىسى ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىي توغرىسىدا مەلۇمات بولمىغاچ، كەمىنە دەسلەپتە ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىي ھەققىدە ئۇچۇر بىرىپ ئۆتكەن ئىدىم[3]. ئەمدى ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي[4] ھەققىدە مەرىپەت تەشنالىرىغا بىر قانچە تامچە سۇنماقچىمەن.

[1] مۇسنىد: ھەدىس ئىلىملىرىنى بىلمەستىن ياكى پۇختا بىلمەستىن ھەدىسلەرنى ئاڭلاش ۋە ئاڭلىتىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان كىشى. ــ ئەھمەد شاكىر: «الباعث الحثيث»، 143 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] ھافىز ـ ھەدىس ئىلمىدە مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەن كىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا: يۈزمىڭ ھەدىسنى تولۇق بىلگەن كىشى دەپ قارىلىدۇ. ــ مۇھەممەد بەككار: «بلوغ الآمال»، 53 ـ بەتكە قاراڭ.
[3] ئابدۇللاھ روزىمۇھەممەدنىڭ «مەرىپەت ژۇرنىلى» 2020 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىكى: «باغداتتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى— ئەللامە ئۇسمان كاشغەرىي» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.
[4] ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي ماقالىدە «ئەللامە كاشغەرىي» ياكى«كاشغەرىي» دەپ ئېلىنىدۇ.

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى

تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئوسمان ئىبنى يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب ئۇزارتۇق كاشغەري باغدادىي زەركەشىي ھەنەفىي بولۇپ، ھىجرىيە 554 ـ يىلى (مىلادىيە 1159 ـ يىلى) جۇمادىيەلئۇلا ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى باغداتتا مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن[1].

ئەللامە كاشغەرىينىڭ بوۋىسى يۇسۇف ئىبنى ئەييۇب ئۇزارتۇق[2] ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، باغداتقا كېلىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەزھىرنىڭ (487ھ ـ 512ھ) ئاتخانىسىدا ئىشلىگەن. كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ئەللامە ئوسمان كاشغەرىيمۇ باغداتتا تۇغۇلغان[3].

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ ئۇستازلىرى

ئەللامە كاشغەري ئىسلام دىيارلىرىدىكى بۈيۈك ئالىملاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئالىملارنىڭ ئىلىم سورۇنلىرىغا ھازىر بولۇپ، ئۇلاردىن تەلىم ئالغان.

ئەللامە كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ئۇنى ئەبۇلفەتھ ئىبنۇلبەتتىي، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلكاغەدىي، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى تاجلىقۇررا، يەھيا ئىبنى سابىت، ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل نەققۇر، ھىبەتۇللا ئىبنى يەھيا ئەلبۇقىي، ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلغەنى ئەلباجىسرائىي قاتارلىق ئالىملاردا ئوقۇتقان[4].

ئەللامە كاشغەري يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئاتىسى بىلەن بىرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرى

ئەللامە كاشغەري كۆپ شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ باغداتتىلا تۇرماستىن يەنە دەمەشىق، ھەلەب، ئەربىل قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ، ھەدىس تەلىم بەرگەن.

كاشغەري ھىجرىيە 620 ـ يىلى جامادىيەلئاخىر ئېيىدا ئەربىل شەھرىگە بارغان. ئىمام ئىبنۇلمۇستەۋفى ئۆزىنىڭ «تاريخ أربل» ناملىق ئەسىرىدە: كاشغەرىينىڭ ھىجرىيە 620 ـ يىلى جامادىيەلئاخىر ئېيىدا ئەربىل شەھرىگە كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن: ھافىز ئەبۇمۇھەممەد بەدەل ئىبنى ئەبۇ مۇئەممەر، ئەبۇتاھىر مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ مۇۋسىلىي، ئەھمەد ئىبنى يەھيا يەمەنىي قاتارلىق بىر مۇنچە

---

[1] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 1 ـ جىلد، 42 ـ بەت، ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 265 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] «ئۇزارتۇق» بەزى مەنبەلەردە «ئۇرتۇق» دەپ ئېلىنغان.
[3] ئابدۇللاھ روزىمۇھەممەدنىڭ «مەرىپەت ژۇرنىلى» 2020 ـ يىللىق3 ـ سانىدىكى: «باغداتتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ـ ئەللامە ئوسمان كاشغەري» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.
[4] كاشغەري يەنە نەفىسە ئەلبەززازە ئىسىملىك ئايال ئالىمەدىنمۇ تەلىم ئالغان. ــ ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 265 ـ بەتكە قاراڭ.

شەخسلەرنى ساناپ، ئۆزىگىمۇ كاشغەرىينىڭ ئىجازە[1]بەرگەنلىكىنى قەيت قىلغان[2].

كاشغەري ھىجرىيە 621-يىلى دەمەشىق، ھەلەب قاتارلىق جايلارغىمۇ بېرىپ، ھەدىس تەلىم بەرگەن. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 641-يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا باغداتتىكى مەشھۇر مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى[3]دىكى دارۇلھەدىس[4]كە ھەدىس ئۇستازى بولۇپ تەيىنلەنگەن[5].

ئىمام زەھەبىي «تاريخ الاسلام» ناملىق ئەسىرىدە، كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرىدىن: ئىمام ئىبنى نۇقتە، ئىمام ئىبنى نەججار، قازى ئەلمەجد ئىبنۇلئەدىم، ئەللامە مۇھىيىددىن مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئىبنى نەھھاس ھەنەفىي[6] قاتارلىق بىرمۇنچە كاتتا ئالىملارنى كۆرسەتكەن. ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىر بۆلۈك ئۇستازلىرىنىڭ كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن[7].

كاشغەرىيدىن ھەدىس ئاڭلىغان، ئىجازە ئالغان شاگىرتلار ئىچىدە ئاياللارمۇ بار بولۇپ، زەھەبىي يۇقىرىقى ئەسىرىدە كۆرسەتكەن كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە شۇھدەت بىنتى ئىبنۇلئەدىم ئىسىملىك بىر ئالىمەمۇ ئورۇن ئالغان[8]. ئىمام ئىبنى ھەجەرمۇ «الدرر الكامنة» دېگەن ئەسىرىدە زەينەب بىنتى نەجمى ئىسمائىل ئىسىملىك ئايالنىڭمۇ كاشغەرىيدىن ئىجازە ئالغانلىقىنى بايان قىلغان[9].

مەنبەلەردە كاشغەري بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتى ئەلمۇھەب ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ھېكايىمۇ ئورۇن ئالغان.

كاتتا ئالىم ئەلمۇھەب ئابدۇللا ئىبنى ئەھمەد سەئدى باغداتقا كېلىپلا كاشغەرىيدە ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىگەن، ئەلمۇھەب كاشغەرىينى بىر دۇككاندا ئۇچراتقان. ئۇ كاشغەرىيدىن ئۆزىگە ئەلبانىياسىنىڭ كىتابىدىن تەلىم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن، كاشغەري بوش ۋاقتىم يوق دەپ ئۇنىمىغان، ئەلمۇھەبمۇ تەلۋىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن كاشغەري ئۇيەردىن مېڭىپ كەتكەن، ئەلمۇھەب كاشغەرىينىڭ كەينىگە

[1] ئىجازە-ئۇستازنىڭ شاگىرتىغا ئۆزىدىن مەلۇم ھەدىس-خەبەرلەر ياكى كىتابلارنى نەقىل قىلسا بولىدىغانلىقىغا بەرگەن ئىجازەتتۇر، بۇنداق ئىجازەتلەر بەزىدە ئاغزاكى بېرىلسە، بەزىدە نامە شەكلىدە ئايرىممۇ پۈتۈلىدۇ، يەنە بەزىدە ئوقۇشلۇق كىتابلارنىڭ ئۆزىگىمۇ يېزىپ بېرىلىدۇ.
[2] ئىمام ئىبنۇل مۇستەۋفى: «تاريخ أربل»، 1-جىلد، 358-بەتكە قاراڭ.
[3] مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى-ئابباسىلار خەلىپىسى مۇستەنسىر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ھىجرىيە 625-يىلى (مىلادىيە 1227-يىلى) مەدرىسە قۇرۇلۇشى باشلانغان، ھىجرىيە 631-يىلى (مىلادىيە 1233-يىلى) مەدرىسە ئېچىلىپ ئوقۇش باشلىغان. بۇ مەدرىسەدە شەرئىي ئىلىملەر بىلەن بىرگە ھەرقايسى پەنلەر بىرگە ئوقۇتۇلاتتى. مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى ئىسلام دۇنياسىدا تۆت مەزھەپ فىقھىسىنى بىر ئورۇندا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان تۇنجى مەدرىسە دەپ قارىلىدۇ. ئەينى دەۋردىكى مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى ھازىرقى دەۋردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىنمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلمىي مۇئەسسەسەدۇر.-ناجى مەئرۇف: «تاريخ علماء المستنصرية»، 1-ۋە 9-بەتلەرگە قاراڭ.
[4] دارۇلھەدىس-ھەدىسكە ئالاقىدار ئىلىملەر ئوقۇتۇلىدىغان ئورۇن.
[5] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23-جىلد، 149-بەتكە قاراڭ.
[6] كاشغەرىينىڭ شاگىرتلىرىدىن. مۇھىيىددىن مۇھەممەد ئىبنى يەئقۇب ئىبنۇل نەھھاس ھەلەبىي ھەنەفىي ئىسىملىك بۇ زات ئۆز دەۋرىدە دەمەشىقتە ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۆلىما بولۇپ، ئۇ مىززىي، بىرزالىي، ئىبنى تەيمىييە قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ ئۇستازىدۇر.-ئىمام ئابدۇلقادىر دىمەشقىي: «الدارس في تاريخ المدارس»، 1-جىلد، 403-بەتكە قاراڭ.
[7] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47-جىلد، 266-بەتكە قاراڭ.
[8] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47-جىلد، 266-بەتكە قاراڭ.
[9] ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة»، 2-جىلد، 119-بەتكە قاراڭ.

ئەگىشىۋېلىپ كىتابىنى ئوقۇشنى باشلىغان، ئەمدىلا بىر ۋاراق ئوقۇشىغا، كاشغەرىيمۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن كاشغەرىي ھاسىسى بىلەن ئەلمۇھبىنى ئىككى قېتىم ئۇرغان، بىرى كىتابقا تەگكەن، ئاندىن كاشغەرىي ئۆيىگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى تاقىۋالغان. زەھەبىي بۇ ھېكايىنى بايان قىلىپ: گۇناھ ھەر ئىككىلىسىدىن ئۆتكەن دېگەن[1].

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ شۆھرىتى

ئەللامە كاشغەرىينىڭ داڭقى چىقىپ، شاگىرتلىرى كۆپەيگەن. ئىمام زەھەبىي «سير أعلام النبلاء» ناملىق ئەسەرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ (كاشغەرىينىڭ) داڭقى يىراقلارغا تارىغان ئىدى، ئۇنىڭغا شاگىرتلار كۆپ كەلگەن ئىدى»[2].

زەھەبىي يەنە «تاريخ الاسلام» ناملىق ئەسەرىدە: «ئۇ (يەنى كاشغەرىي) ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى مەشھۇر بولغان ئىدى، ئۇنىڭغا شاگىرتلار كۆچۈپ كېلەتتى. ئۇنىڭدىن بۇيۇك ھافىزلار رىۋايەت قىلغان ئىدى» دېگەن[3].

كاشغەرىينىڭ داڭقى چىقىپ، ھۇزۇرىغا ھەرقايسى جايلاردىن شاگىرتلار ھىجرەت قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئىمام يافىئىي، ئىمام ئىبنۇل ئىمادلارمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئىمام يافىئىي ئۆزىنىڭ «مرآةالجنان» ناملىق ئەسەرىدە، مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ (يەنى كاشغەرىينىڭ) ھۇزۇرىغا شاگىرتلار يىراقلاردىن ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆچۈپ كېلەتتى»[4].

كاشغەرىينىڭ شاگىرتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى يارقىن نۇقتىلاردىن بىرى: ئۇنىڭ ئىشەنچلىك بەش كىشى ئارقىلىق ئىمام مالىكقا تۇتىشىدىغان ئالى سەنەد[5] ساھىبى بولغانلىقىدۇر. كاشغەرىي ئەينى ۋاقىتتا بەش كىشى ئارقىلىق ئىمام مالىكقا ئۇلىنىدىغان ئالىملارنىڭ ئىچىدە ھاياتى قالغان ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى[6].

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ ۋاپاتى

ئىمام زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق ئەسەرىدە بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھىجرىيە 643 ـ يىلى ئەللامە كاشغەرىيگە قېرىلىق يېتىپ، كېسەل بولۇپ، ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. ئۇ ھىجرىيە 645 ـ يىلى (مىلادىيە 1247 ـ يىلى) جامادىيەلئۇلا ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى باغداتتا ۋاپات بولغان[7].

«الجواهر المضية» ناملىق ئەسەردە، كاشغەرىينىڭ ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، يۇرتى ۋە ۋاپات بولغان جايى باغدات ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، كاشغەرىينىڭ

[1] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ جىلد، 150 ـ بەتكەقاراڭ.
[2] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ جىلد، 149 ـ بەت.
[3] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 266 ـ بەت.
[4] ئىمام يافىئىي: «مرآة الجنان»، 4 ـ جىلد، 88 ـ بەت.
[5] سەنەد ـ ھەدىس ئىلمىدىكى ئاتالغۇ.
[6] ئىمام ئىبنى ئىماد: «شذرات الذهب»، 7 ـ جىلد، 399 ـ بەتكە قاراڭ.
[7] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ جىلد، 150 ـ بەتكەقاراڭ.

باغداتتا ھەجرىيە 554 ـ يىلى جۇمادىيەلئۇلا ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ، ھەجرىيە 645 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى نەقىل قىلىنغان[1].

يۇقىرىدىكى تارىخ بويىچە ھېسابلىغاندا كاشغەرىي 91 ياشتا ۋاپات بولغان بولىدۇ. لېكىن «شذرات الذهب» ناملىق ئەسەردە، كاشغەرىينىڭ ھەجرىيە 645 ـ يىلى جۇمادىيەلئۇلا ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى باغداتتا ۋاپات بولغانلىقى بىلدۈرۈلسىمۇ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بېرىلمىگەن ۋە ئۇنىڭ ۋاپات بولغاندا 89 ياشتا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان[2].

«العبر» ناملىق ئەسەردىمۇ كاشغەرىينىڭ ۋاپات بولغاندا 89 ياشتا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان[3].

## ئەللامە كاشغەرىينىڭ ئەسەرلىرى

«الدرر الكامنة»، «انباءالغمر بابناء العمر» قاتارلىق مەنبەلەردىكى ئۇچۇرلارغا كۆرە، ئەللامە كاشغەرىينىڭ ئۇستازلىرى تىزىملىكى ۋە ئۇلاردىن كاشغەرىينىڭ قىلغان رىۋايەتلىرى بېرىلگەن، مەنبەلەردە: «مشيخة الكاشغري» (كاشغەرىي ئۇستازلار توپلىمى) دەپ ئاتالغان بىر توپلىمى بارلىقى مەلۇم[4]. باشقا ئەسەرلىرى بار ـ يوقلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئۇچۇرلار مەۋجۇت:

ئىمام زەھەبىي «سير أعلام النبلاء» ناملىق ئەسىرىدە، ئۆمەر ئىبنى ھاجىبنىڭ كاشغەرىي ھەققىدە: ئۇنىڭ (يەنى كاشغەرىينىڭ) مەنبەلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن(خەبەر ـ ھەدىس) سۆزلەپ بېرەتتى دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان[5]. بۇ مەنبەلەر كاشغەرىينىڭ قەلىمىگە مەنسۇپمۇ ياكى ئۇستازلىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپمۇ بۇ تەرىپى نامەلۇمدۇر.

«بغية الطلب في تاريخ حلب» ناملىق ئەسەردە كاشغەرىيدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس رىۋايەتلىرى كۆپ بولۇپ، ئەسەردە: «ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئوسمان ئىبنى يۈسۈپ كاشغەرىي ئاتىسى ئۇزەرتۇق دەپ مەشھۇر بولغان كىشى بىزگە يېزىپ بەردىكى»، «ئەبۇئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئوسمان كاشغەرىي ئۆزىنىڭ كىتابىدىن بىزگە خەۋەر بەردىكى»[6] دېگەن ئۇچۇرلار مەۋجۇت.

يۇقىرىقىلاردىن كاشغەرىينىڭ بەزىدە ھەدىس رىۋايەتلىرىنى شاگىرتلىرىغا يېزىپمۇ بېرىدىغانلىقى، سۆزلەپ بەرگەندە بولسا تايىنىدىغان كىتابىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. لېكىن بۇ كىتابىنىڭ يۇقىرىدىكى ئۇنىڭ ئۇستازلار توپلىمىمۇ ياكى باشقا كىتابمۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش كېرەك.

[1] ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، 1 ـ جىلد، 42 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] ئىمام ئىبنى ئىماد: «شذرات الذهب»، 7 ـ جىلد، 399 ـ بەتكە قاراڭ.
[3] ئىمام زەھەبىي: «العبر»، 3 ـ جىلد، 252 ـ بەتكە قاراڭ.
[4] ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة»، 3 ـ جىلد، 345 ـ بەت، «إنباء الغمر»، 1 ـ جىلد، 90 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
[5] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء» 23 ـ جىلد، 149 ـ بەت.
[6] ئىمام ئىبنۇلئەدىم: «بغية الطلب في تاريخ حلب» 2 ـ جىلد، 860 ـ ۋە 962 ـ بەتلەر.

مەنبەلەردە يەنە كاشغەرىي رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر، شېئىرلار، ھېكايىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇلار كاشغەرىيدىن قالغان ئىزنالاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنى توپلاپ كاشغەرىيگە مەنسۇپ قىلىش مۇمكىندۇر.

## ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىيگە ئالىملارنىڭ بەرگەن باھالىرى:

ئەللامە ئىبراھىم كاشغەرىي كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ، بۇ ساھەدە داڭق چىقارغان ۋە «ئىراقنىڭ مۇسنەدى» دەپ ئاتالغان. شۇڭلاشقا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كاشغەرىيگىمۇ ھەدىسشۇناسلىق ئىلمىدىكى رىۋايەت قىلغۇچىلارغا باھا بېرىشتە قوللىنىدىغان ئىلمىي ئاساس بويىچە باھا بېرىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ئىلمىي ئامانەت نۇقتىسىدىن مەجبۇرىيەتتۇر. يەنە بىرى كاشغەرىيدەك مەشھۇر شەخسنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىپ قالدۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى، شۆھرەتلەنگەن نام ـ ئاتاقلىرى ۋە سۈپەتلىرى بېرىلىشى كېرەك. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زۆرۈرىيەتتۇر.

مۇشۇ نۇقتىلارنى چىقىش قىلىپ، كاشغەرىينىڭ دەۋرداشلىرى بولسۇن ياكى شاگىرتلىرى ۋە ياكى كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملار بولسۇن كاشغەرىيگە ھەرخىل باھالارنى بەرگەن. ھەرخىل نام ـ ئاتاقلار بىلەن سۈپەتلىگەن. ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىشىمىز مۇمكىن:

ئىمام ئىبنى نۇقتە كاشغەرىيگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇنىڭدىن (ھەدىس) ئاڭلىدىم، ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرى (ھەدىسلىرى) سەھىھتۇر»[1].

ئىمام ئۆمەر ئىبنى ھاجىب كاشغەرىي ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ مۇلايىم، كەڭ قورساق، ئۇستاز ئىدى، كۆلگۈنچەك ئىدى، ئۇنىڭ مەنبەلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن (ھەدىس) سۆزلەپ بېرەتتى. ئىچكى دۇنياسى ساغلام ئىدى، ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن ئىدى، لېكىن ئۇ شەئە بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭدىن پەقەت گۆزەللىك ئاشكارا بولاتتى»[2].

ئىمام ئىبنى نەججار كاشغەرىي ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرى (ھەدىسلىرى) سەھىھتۇر، لېكىن ئۇ ناھايىتى قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، ئۇ مۇئتەزىلە[3]لەرگە مايىل ئىدى، ئۇنى پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىغا قايىل بولغان دېيىلىدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى ئوچۇق ئەخمەقلىق ۋە ئاز ئىلىم بىلەن بىرگە دىننى ئىشلارغا سەل قارايتتى»[4].

[1] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 266 ـ بەت.
[2] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 266 ـ بەت.
[3] مۇئتەزىلە: ئىسلام پەلسەپەچىلىرىنىڭ بىر پىرقىسى، بۇ پىرقە ھىجرىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، قۇرغۇچىسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا. ـ ئەللامە مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، 2 ـ جىلد، 1180 ـ بەتكە قاراڭ.
[4] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ جىلد، 150 ـ بەت.

ئىمام زەھەبىي «سير أعلام النبلاء» ناملىق ئەسىرىدە، كاشغەرىينىڭ تەرجىمىھالىنى بەرگەندە، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ بېشىغا: «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئۇستاز، ئىراقنىڭ مۇسنىدى» دېگەن سۈپەتنى ئالغان[1]. ئۇ «تاريخ الاسلام» ناملىق ئەسىرىدىمۇ كاشغەرىينى «ئىراقنىڭ مۇسنىدى» دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇ يەنە مەزكۇر ئەسىرىدە، كاشغەرىي ھەققىدە: «ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بېرىلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئەخلاقى يامانلاشقان ئىدى، داۋاملىق ئىش ھەققى ئېلىپ (خەبەر ـ ھەدىس) سۆزلەيتتى، ئوقۇغۇچىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى» دېگەن[2]. ئىمام زەھەبىي «ميزان الاعتدال» ناملىق ئەسىرىدە بولسا كاشغەرىي ھەققىدە: «ئۇ ھەددىدىن ئېشىش بىلەن زامانىدا يېگانە ئىدى. ئۇنىڭدا شىئەلىشىش بار ئىدى، دىنىدا يېنىكلىك مەۋجۇت ئىدى» دېگەن[3]. ئۇ يەنە «المغني في الضعفاء» ناملىق ئەسىرىدىمۇ كاشغەرىي ھەققىدە توختىلىپ: «ئىبراھىم ئىبنى ئوسمان كاشغەرىي، شىئە بولۇپ كەتكەن مەشھۇر كىشى، ئۇنىڭ دىنى يېنىك»، دېگەن[4].

ئىمام ئىبنى تەغرى بەردى ئۆزىنىڭ «المنهل الصافي» ناملىق ئەسىرىدە، كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمىنى بېرىپ، ئۇنى «ئۇستاز، ئىمام، مۇھەددىس» دەپ سۈپەتلىگەن. ئىمام ئىبنى تەغرى بەردى يەنە: ھافىز شەرەفۇددىن دىمياتىنىڭ ئۇستازلىرى توپلىمىدا، كاشغەرىينى تىلغا ئالغانلىقىنى سۆزلەپ، دىمياتىنىڭ كاشغەرىينى «دىيانەتلىك، مۇھەددىس، فەقىھ ئىدى، لېكىن شىئە بولۇپ كەتكەنتى» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان[5].

ئىمام تەقىيۇددىن تەممىمۇ ئۆزىنىڭ «الطبقات السنية» ناملىق ئەسىرىدە، كاشغەرىينى «فەقىھ» دەپ سۈپەتلەپ ئاندىن دىمياتىنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغان[6].

ئالىملارنىڭ كاشغەرىي ھەققىدىكى يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن كېيىن، ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، يۇقىرىقى سۆزلەرنى باھانە قىلىپ، كاشغەرىينىڭ ئىلمىي ئورنى ۋە ئىلمىي قىممىتىنى يوققا چىقارماسلىق لازىم[7].

[1] ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، 23 ـ جىلد، 150 ـ بەت.
[2] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 266 ـ بەت.
[3] ئىمام زەھەبىي: «ميزان الاعتدال»، 1 ـ جىلد، 48 ـ بەت.
[4] ئىمام زەھەبىي: «المغني في الضعفاء»، 1 ـ جىلد، 55 ـ بەت.
[5] ئىمام ئىبنى تەغرى بەردى: «المنهلالصافي»، 1 ـ جىلد، 119 ـ بەتكە قاراڭ.
[6] ئىمام تەقىيۇددىن تەممىمي: «الطبقات السنية»، 1 ـ جىلد، 241 ـ بەتكە قاراڭ.
[7] كاشغەرىي ھەققىدىكى بايانلاردىن كاشغەرىينىڭ شىئە بولۇپ كەتكەنلىكى ئايان بولىدۇ، بۇ ھەقتە ئىماملارنىڭ كاشغەرىي ھەققىدىكى سۆزلىرى يېتەرلىك. بىز پەقەت بۇ سەۋەبلىك كاشغەرىينىڭ ئىلمىي ئورنى ئىنكار قىلىنماسلىق كېرەك دەپ قارايمىز. بىز يۇقىرىدا ئىلمىي ئامانەت نۇقتىسىدىن ئىماملارنىڭ كاشغەرىي ھەققىدىكى بايانلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولساق، ئەمدى يەنىلا شۇ ئىلمىي ئامانەت نۇقتىسىدىن شىئە ئۆلىمالىرىنىڭ كاشغەرىي ھەققىدىكى بايانلىرىدىن تۆۋەندىكى بايانىنى كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

شىئە ئۆلىمالىرىدىن سەييىد مۇھسىن ئەمىن «أعيان الشيعة» ناملىق ئەسىرىدە، كاشغەرىينىڭ تەرجىمىھالىنى بېرىپ، كاشغەرىي ھەققىدىكى يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن، باھالارنىمۇ بەرگەن، ئاندىن بۇ توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن دەيمەنكى قارىماققا، كاشغەرىيگە نىسبەت بېرىلگەن «ھەددىدىن ئېشىش»، ئۇنىڭ ئېتىقادى سەۋەبلىك بولغان ياكى ئۇلارنىڭ نەپسىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئەھلى بەيتنىڭ بەزى پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك بولغان. كاشغەرىيگە مەنسۇپ قىلىنغان مۇئتەزىلەلىك قاراش بولسا، ھەممە ئەقىدىسىدە ئەمەس، بەلكى تونۇشلۇق بەزى ئاساسلاردا مۇئتەزىلەلەرگە مۇۋاپىق كېلىپ قېلىشتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ سەييىد مۇرتەزا ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ئوخشاش كۆپ شىئە ئۆلىمالىرىنى مۇئتەزىلەلىككە مەنسۇپ قىلىشۇەتكەنلىكىدەكلا ئىش. (كاشغەرىينىڭ) «دىنىنىڭ يېنىك»لىكىگە كەلسەك زەھەبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەينى دەۋردە ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتتا خەلىپە مۇستەنسىر (623 ـ 640ھ) تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسىدىكى دارۇلھەدىسكە كاشغەرىينىڭ ھەدىس ئۇستازى بولۇپ تاللانغانلىقى، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتىدۇر[1].

خەلىپە تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ مەدرىسە ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆلەملەشكەن، شەرئىي ئىلىملەر ۋە ھەرقايسى پەنلەرنى بىر ئورۇندا ئوقۇتۇش ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن تۇنجى ئالىي ئىلىم يۇرتى ئىكەنلىكى[2]، مانا مۇشۇ ئىلىم يۇرتىغا ئۇستاز بولۇپ تاللانغان ئالدىنقىلار قاتارىدا كاشغەرىينىڭمۇ بارلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك.

ئىمام زەھەبىي «تاريخ الاسلام» ناملىق ئەسىرىدە مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسىدىكى دارۇلھەدىسكە تۇنجى بولۇپ ئۇستازلىققا تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ كاشغەرىي ئىكەنلىكىنى ئەبۇتالىب ئىبنۇلسائىدىن نەقىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كاشغەرىينى ئىبنۇلقۇببەيتىدىن كېيىن تەيىنلەنگەن دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[3]. قانداقلا بولمىسۇن كاشغەرىي بۇ مەدرىسەگە ئۇستاز بولۇپ تەيىنلەنگەن تۇنجى كىشى بولمىسىمۇ، ئاۋۋال تەيىنلەنگەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئېنىق.

ئەگەر بىز كاشغەرىينىڭ ئىلمىي ئورنىنىڭ نەقەدەر ئۇستۈنلۈكىنى تېخىمۇ يارقىن كۆرمەكچى بولساق، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۇستاز تەيىنلەش شەرتلىرىگە قاراپ چىقساق بولىدۇ.

تارىخچى ناجى مەئرۇفنىڭ «تاريخ علماء المستنصرية» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەدرىسەگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەلۇم ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ياكى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ قازانغان فەقىھلاردىن تاللىنىدىكەن. بۇ مەدرىسەدە ئوقۇتقۇچىلىققا بېكىتىلىدىغان ئۆلىمالار بولسا ئىراق، شام، مىسىر قاتارلىق ئىسلام دىيارلىرىدىكى ئەڭ كاتتا ئۆلىمالاردىن تاللىنىدىكەن.

بۇ مەدرىسەگە ئوقۇتقۇچىلىققا تاللانغانلار: يۇقىرى سەنەدكە ساھىب بولغان ياكى ئۆز ساھەسىدە ئەڭ يۈكسەك پەللە ياراتقان ۋە ياكى چوڭقۇر ئىزدىنىش روھىغا ئىگە، يازغان ئەسەرلىرى ئىسلام ئىلىم ساھەسىدە مۇھىم مەنبەلەر قاتارىدىن ئورۇن

ئۇنى تەپسىلىي سۆزلىمىدى. شۇنىڭدەك ئىبنى نەججارمۇ (كاشغەرىينى) «پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرىغا قايىل» دېگەن سۈپەتلەشتە تايانغان ئاساسىنى سۆزلىمىدى. ئىبنى نەججارنىڭ كاشغەرىينىڭ «ئاڭلىغانلىرى سەھىھتۇر» دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقى تۇرسىمۇ، يەنە بۇ ۋە بۇنىدىن باشقا كاشغەرىيگە ئېتىلغان گەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ شىئە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغانلىقى يېقىن تۇرىدۇ. كاشغەرىينى رىۋايەتتە «قىينچىلىق تۇغدۇرىدۇ» دېگەن گەپتىن بولغان مەقسەت ئوچۇق بولمىدى». ـ سەييىد مۇھسىن ئەمىن: «أعيان الشيعة»، 2 ـ جىلد، 134 ـ بەت.

[1] ئەسلىدە كاتتا ئىماملارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە كاشغەرىينىڭ تەرجىمھالىنىڭ ئورۇن ئالغانلىقى، ھەتتا ئىمام زەھەبىدەك كاتتا ئىمامنىڭ ئەسەرلىرىدە كاشغەرىينىڭ تەرجىمھالىنىڭ تەكرار بېرىلىشلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر.

[2] ناجى مەئرۇف: «تاريخ علماء المستنصرية»، 1 ـ ۋە 9 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

[3] ئىمام زەھەبىي: «تاريخ الإسلام»، 47 ـ جىلد، 266 ـ بەتكە قاراڭ.

ئالغان ئۆلىمالار ئىكەن[1].

بۇنىڭدىن كاشغەرىينىڭ ئەينى دەۋردە باغداتتىكى بۈيۈك ئۆلىمالار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا كاشغەرىينىڭ ئىلمىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

ئاللاھ تائالا كاشغەرىينىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاي!

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. ناجى مەئرۇف: «تاريخ علماء المستنصرية»، باغدات «مطبعة العاني» نەشرىياتى، 1959-يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

2. ئەبۇھاجىر مۇھەممەد سەئىد زەغلۇل نەشرگە تەييارلىغان ئىمام زەھەبىنىڭ «العبر» ناملىق ئەسرى، لۇبنان «دار الكتب العلمية» نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

3. مەھمۇد ئەرنائۇت نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنۇل ئىمادنىڭ «شذرات الذهب» ناملىق ئەسرى، دەمەشق «دار ابن كثير» نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

4. دوكتور سۇھەيل نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنۇلئەدىمنىڭ «بغية الطلب في تاريخ حلب» ناملىق ئەسرى، «دار الفكر» نەشرىياتى.

5. سامى بىن سەييىد خىماس نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنۇل مۇستەۋفىنىڭ «تاريخ أربل» ناملىق ئەسرى، باغدات «دار الرشيد» نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى.

6. ھەسەن ھەبەشى نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «إنباء الغمر» ناملىق ئەسرى، قاھىرە «المجلس الأعلى للشئون الإسلامية»، 1969-يىل نەشرى.

7. ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامن» ناملىق ئەسرى، لۇبنان «دار احياء التراث العربي» نەشرىياتى.

8. س. دېدېرىڭ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان ئىمام سەفەدىينىڭ «الوافي بالوفيات» ناملىق ئەسرى، لۇبنان «فرانز شتايز شتوتغارت» نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى.

9. ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد نەشرگە تەييارلىغان ئىمام تەقىيۇددىن تەمىمىينىڭ «الطبقات السنية» ناملىق ئەسرى، قاھىرە «المجلس الأعلى للشئون الاسلامية» 1970-يىل نەشرى.

10. دوكتور ئۆمەر ئابدۇسالام تەدمۇرىي تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق ئەسرى، لۇبنان «دار الكتاب العربي» نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

11. خەلىل مەنسۇر نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئابدۇللاھ يافىئىينىڭ «مرآة الجنان» ناملىق ئەسرى،


[1] ناجى مەئرۇف: «تاريخ علماء المستنصرية»، 15-ۋە 16-بەتلەرگە قاراڭ. مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۇستاز تەيىنلەش شەرتلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان تارىخچى—ناجى مەئرۇف مەزكۇر ئەسىرىنىڭ «دارۇلھەدىسنىڭ ئۇستازلىرى» دېگەن بۆلۈمىدە، مۇستەنسىرىييە مەدرىسەسى دارۇلھەدىسىگە ئۇستاز بولۇپ تاللانغان ئۆلىمالار قاتارىدا كاشغەرىينىڭمۇ تەرجىمھالىنى بەرگەن.—ناجى مەئرۇف: يۇقىرىقى ئەسەر، 207-ۋە 208-بەتلەرگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

لۇۋان «دار الكتب العلمية» نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

12. ئىبراھىم شەمسۇددىن نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئابدۇلقادىر دىمەشقىينىڭ «الدارس في تاريخ المدارس» ناملىق ئەسىرى، لۇۋان «دار الكتب العلمية» نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما،

13. دوكتور نۇرۇددىن ئىتىر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «المغني في الضعفاء» ناملىق ئەسىرى، قاتار «ادارة إحياء التراث الاسلامي» باسمىسى.

14. دوكتور بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف ۋە دوكتور مۇھيى ھىلال سىرھان قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان ئىمام زەھەبىينىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىقئەسىرى، لۇۋان «مؤسسة الرسالة» نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

15. دوكتور مۇھەممەد مۇھەممەد ئەمىن ۋە دوكتور سەئىد ئابدۇلفەتتاھ ئاشۇر قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنى تەغرى بەردىنىڭ «المنهل الصافي» ناملىق ئەسىرى، مىسىر «الهيئة المصرية العامة للكتاب» نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

16. ئەلى مۇھەممەد نەشرگە تەييارلىغان ئىمام زەھەبىنىڭ «ميزان الاعتدال» ناملىق ئەسىرى، لۇۋان «دار المعرفة» نەشرىياتى.

17. ئىمام ئابدۇلقادىر قۇرەشىي: «الجواهر المضية»، ھىندىستان «مجلس دائرة المعارف النظامية» نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

18. سەييىد ھەسەن ئەمىن نەشرگە تەييارلىغان سەييىد مۇھسىن ئەمىننىڭ «أعيان الشيعة» ناملىق ئەسىرى، لۇۋان «دار التعارف للمطبوعات» نەشرىياتى.

19. ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇغۇددە نەشرگە تەييارلىغان ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «لسان الميزان» ناملىق ئەسىرى، لۇۋان «مكتبة المطبوعات الاسلامية» نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

20. ئەللامە مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

21. ئابدۇللاھ رۇزىمۇھەممەد: «باغداتتا چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزى ــ ئەللامە ئوسمان كاشغەرىي»، «مەرىپەت ژۇرنىلى»، 2020 ـ يىللىق 3 ـ سان.

22. ئەھمەد شاكىر: «الباعث الحثيث»، رىياز «مكتبة المعارف» نەشرىياتى، 1995 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

23. مۇھەممەد بەككار: «بلوغ الآمال»، مىسىر «دار السلام» نەشرىياتى، 2012 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسما.

—— بۇ ماقالىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى فارۇق مۆھتەرەم



# ئۆملاقمان

تۇردىمۇھەممەد ئابدۇللا

نۇرغۇن ئىنسان زىيان ئىچرە غاپىل يۈرەر ئۆملاقمان،
پەقەت ئىمان، ئەمەل، دەۋەت نەپ ئەپ كېلەر ئۆملاقمان.
ئاقىل كىشى قىزىقماستىن دۇنيادىكى مەئىيشەتكە،
چىن ئەقىدە، ھەق رىزاسى، جەننەت تىلەر ئۆملاقمان.
ئىمان بىلەن ھايات كۆكلەر، تۇرار مەزمۇت يىقىلماستىن،
شېرىن ـ شەربەت مېۋە تىلغا لەززەت بېرەر ئۆملاقمان.
قانچە كاتتا بىلىنسىمۇ باتىل شوئار، شېرىك يوللار،
يىپ ئۈزۈلگەن لەگلەك كەبى ئۆمۈر سۈرەر ئۆملاقمان.
سوراپ قالساڭ «بەخت نەدە»، دېسەم بەلكىم ئىشەنمەسسەن،
«ئاللاھقا چىن ئېسىلغان دىل خوشال يۈرەر ئۆملاقمان».
بولۇپ كەتسۇن مىليونىر باي، يا ھۆكۈمران ئىمانسىزلار،
ئۈمىدسىزلىك قايىنىمدا ئاچچىق كۈلەر ئۆملاقمان.

ئىمان دېگەن ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نېئمەت،

چۈشەنگەنلەر ئۇنى جاندىن قىممەت بىلەر ئۆملاقمان.

ئىمان دېگەن ئەڭ چوڭ ئۇزۇق، قۇۋۋەت بېرەر روھىمىزغا،

ئىمانسىز دىل بۇزۇلار تېز، چىرىپ تۈگەر ئۆملاقمان.

ئىمان بىلەن قەدىر ـ قىممەت، بارچە ئىززەت ئاتا تالىق،

ئاللاھ دەپلا ياشغانلار ئەزىزلىنەر ئۆملاقمان.

ئىمان بىلەن ئازات ئىنسان جىمى مەخلۇق قۇللۇقىدىن،

يوقار ئۇندا زۇلۇم، خارلىق، تۈن ـ پەردىلەر ئۆملاقمان.

ئىمان بىلەن دۇنيا گۈزەل، مۇھەببەتكە ئۇرۇق سالغاچ،

تاش قەلبمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۇ بوپ ئېرەر ئۆملاقمان.

ياشاشتىكى غايە ـ نىشان ئىمان بىلەن بولار يۈكسەك،

تارىخقا باق، ئەينا نۇرغۇن بار ئۈلگىلەر ئۆملاقمان.

ئىمان دېگەن نۇرلۇق قوياش ئاق ـ قارىنى كۆرسەتكۈچى--

ئورنى كىم كولار بولسا ئۆزى كىرەر ئۆملاقمان.

ئىمان بىلەن بىر ئادالەت، سەۋر تاقەت، ئەقىل ـ ھېكمەت...

شۇنداق، ھەممە ئېسىل گۈللەر ئۇندىن ئۈنەر ئۆملاقمان.[1]



[1] ئۆملاقمان خوتەن شېۋىسى بولۇپ، ھەمىشە، ھەر دائىم... دېگەن مەنىدە.



# ئىشق چۆلى

ئالىمجان مەتقاسىم (ناقىس)

**(1)**

مېنى بالقىغان كۆكسۈم ھىجىر بارخانىدىن ئىزدەڭ،
غېرىب قارلىغاچ ئۇۋا سالغان كۆڭۈل ئايۋانىدىن ئىزدەڭ.
تىنەپ بۇلبۇلغا قونداق بۇپ ئىگىلگەن ناتىۋان بىر شاخ،
ۋە يا كېچە پەرۋانە،كۆيۈك گۈلخانىدىن ئىزدەڭ.
قىيىلغان كۆكتىكى قۇزغۇن،غېرىب كىرپىكتىكى دەمدەر،
ئازابتىن ئىگرىغان كىيىك،قارا پىغانىدىن ئىزدەڭ.
مۇئەللەق چېھرىدە كۈلگەن شۇ ئەزىم بۇلۇتلاردىن،
ۋە يا گۈلدىكى شەبنەم،يىغا ـ قىيانىدىن ئىزدەڭ.
بولۇپ سۈلكەتكە مەھكۇملۇق،تولۇنئايغا مايىللىق،
ئىشق چۆلدە سەرسان،ئازاب ۋەزخانىدىن ئىزدەڭ.
سېلىپ تەختىمنى ئەرشكە،ماڭا غىلمانىنى جور ئەيلەڭ،
لېكىن قەلبىمدىكى مەردنى ئەرك مەيدانىدىن ئىزدەڭ.
ئۆلۈرسەم گەر ئاشۇ چۆلدە،قىزىل بەرقۇت خىيابانىدا،
مېنى بۇ يولدا يىگانە،ئىشق كارۋانىدىن ئىزدەڭ.

www.uyghurkitap.com



(2)

## مەسنەۋىي ھىجران

ئاھ، غېرىب پەيۋەندە مەھشەر ئالدى دىلنى ئىختىيار،

بۇ ناگاھ چەمەندە ياشلىق گۇللىرى ئاچمىدى يار.

شۇنچە گۈلگۈن ماھى بىر نۇر جىلۋىسى قىلدى خاراپ،

بۇلبۇلى قالدى ۋەتەنسىز، سايرىماي بولدى بىتاپ.

نە ئاجايىپ دەۋرى ـ دەۋران، بىزنى تەنگە باغلىدى،

سۈرگۈن ئەتتى يارىنى، خار دىلنى دەرتتە داغلىدى.

بىناۋا تورغاي مىسالى، قىر ـ ئېدىرلاردا ياياق،

مەجھۇلى بىر ھېچ كەبى قۇلدىن يەيمەن تاياق.

مەن ئۆزۈمنى قەھرى ياشقا مەھكۇم ئەتكەندىن بېرى،

دەۋرى پەلەك زۇلمىدىن يۈرىمەن سەندىن نېرى.

ھەر كېچە ئاي ۋەسلىگە ئىنتىزار بولسامۇ مەن،

ھېچ كۆرۈنمەس ماڭا بىر نۇر، بەلكى زۇلمەت بەندىمەن.

ئۆرتىنىپ يۇلتۇزغا باقسام ياكى كۆكتە چاقنىسام،

مېنى قەلبىڭگە كۆمۈۋەت! ئاھ، ۋەتەنسىز ساقىسام.

نامازلىرىمىزدا ئوخشاش خاتالىقلارنى بىر ئۆمۈر تەكرارلىماسلىق،
توغرىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن نامازدىن ساۋات ناملىق بۇ
كىتابنى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئوقۇپ چىقىشىنى
تەۋسىيە قىلىمىز




■ ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدا ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قِيامُ الحِكْمَةِ بِالقَلَمِ